

# ئىشلەپچىقىرىش مەسلىھەتچىسى



(13)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئىشلەپچىقىرىش مەسلىھەتچىسى

# (13)

نەشرىياتسىز تۈزگەن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلاجان تۇرغۇن

## مۇندەرىجە


1. يەرنى كۈزدە ئاغدۇرسا بەش چوڭ پايدىسى بولىدۇ ........................ 1

2. بۇغداي كۆك پىتىنىڭ مۇھىت شارائىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................ 2

3. بۇغدايلىقتىكى قوش پەللىلىك ۋە ئاددىي يوپۇرماقلىق ياۋا ئوت - چۆپلەرنى دورىلاپ يوقىتىش ئۇسۇلى ........................ 5

4. بوردىن پايدىلىنىپ كېۋەزدىكى چېچەك ۋە غوزا تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ .......... 6

5. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى دورىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ۋە دورىلاش ئۇسۇللىرى ................ 8

6. كېۋەزنىڭ چېچەكلەش، غوزىلاش مەزگىلىدە دېھقانچىلىق دورىسىنى چۈشتىن كېيىن چېچىش مۇۋاپىق ........................ 11

7. قار توپلانغان كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىنى توپا بىلەن باستۇرۇشقا بولمايدۇ ................ 11

8. كۆممىقوناقنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە ئېنېرگىيە سانائىتىدە تۇتقان ئورنى ................ 13

9. قىش پەسلىدە زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى ساقلاشتا ئالتىگە دىققەت قىلىش ................ 17

10. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى قانداق ساقلاش كېرەك؟... 18
11. پايدىلىق ھاشارات خانقىز .................. 20
12. ئۆزۈم تېلىنىڭ قىشلىق پەرۋىشى توغرىسىدا... 22
13. ياڭاق كۆچىتىنى بالدۇر مېۋىسىگە كىرگۈزۈش-
نىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلىرى ............. 25
14. ئۆرۈكتە بولىدىغان چىپار قۇرتنى قانداق
يوقىتىش كېرەك؟ ......................... 27
15. شاپتۇلنىڭ نوتا قۇرتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى
ئېلىش، يوقىتىش ئۇسۇلى .................. 29
16. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەكى ۋە غورىسى
تۆكۈلۈپ كېتىش سەۋەبلىرى ............... 30
17. مېۋىلىك دەرەخلەرنى ھاشاراتقا قارشى دورا
چېچىشتا بىرلەشتۈرۈپ يىلتىز سىرتىدىن
ئوغۇتلاش ............................ 32
18. مېۋىلىك دەرەخلەردىكى زىيانداش ھاشارات-
پوستلاقخور ........................ 34
19. ئورمان ساقچىسى — كاككۇك ............... 36
20. ياغاچ ساقلاشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى ......... 37
21. سامساقنىڭ مالدوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىشى .... 37
22. قىش پەسلىدە كالىلاردا قات قېرىن قۇرۇش
كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنى
داۋالاش ئۇسۇلى ...................... 42
23. چارۋا ماللارغا سىلوس بەرگەندە دىققەت قى-
لىدىغان ئىشلار ...................... 44
24. بايتال ۋە ئېشەكلەر بوز قىسراۋ چۈشكەن ئوت-

46 چۆپلەرنى يېسە بالا تاشلىۋېتىدۇ ..............
25. شاپتول، ئۆرۈك يوپۇرمىقىدىن زەھەرلەنگەن
47 قوينى داۋالاش ..............................
48 26. پەمىدۇر پەرۋىشىدىكى تېخنىكىلىق تەدبىرلەر...
27. دادۇرنىڭ ئۇچىنى قايسى ۋاقىتتا ئۈزگەن
52 ياخشى؟ ..................................
28. قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭ
54 كاۋا چۈشۈرگىلى بولىدۇ؟ ....................
55 29. كۆزلۈك كۆكتاتلاردىكى كۆك پىتنى يوقىتىش...
30. كۆزلۈك بەسەينى قىش پەسلىدە بىخەتەر ساق-
59 لاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ......
31. دەل - دەرەخلەرگە خىمىيەۋى ئوغۇتنى قان-
62 داق ئىشلىتىش كېرەك؟ ......................
32. ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلىنى ئوغۇت ئورنىدا
66 ئىشلىتىش ئۇسۇلى ..........................
33. ئائىلىلەردە خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى ساقلاشنىڭ
68 ئاددىي ئۇسۇللىرى ..........................
34. ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ تۇپراقنى بۇلغاش خۇ-
69 سۇسىيىتى بارمۇ؟ ...........................
35. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئال-
72 دىنى ئېلىش ................................
36. دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن زەھەرلەنگەن
75 ھەسەل ھەرىلىرىنى قانداق داۋالاش كېرەك؟...
37. چۈجىلەرگە شېكەر سۈيى ئىچۈرۈلسە، ئەي
77 بولۇش ئۇنۇمى يۇقىرى بولىدۇ ...............

38. گۆش توخۇسى چۆجىلىرىدىكى يۇمشاق پۇت كېسەللىكى ........ 77
39. ئۆي قۇشلىرىنىڭ كاتىكىنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىشقا بولمايدۇ... 80
40. ئېشىپ قالغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى قىش پەسلىدە ياخشى ساقلاش لازىم ........ 80
41. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئۆيدە ساقلاش سالامەتلىككە زىيانلىق ........ 81
42. قايسى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كۆكتاتلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟ ........ 83
43. ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى ........ 84
44. تراكتورنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇللىرى ........ 88
45. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى — يەملەش ........ 91
46 دامكراتسىز چاق ئالماشتۇرۇش ........ 94
47. سېيالكا مەشغۇلاتىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ۋە مەشغۇلات سۈپىتىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللار... 95
48. شەھەر ئاھالىلىرى قوي باققاندا ........ 108

## 1. يەرنى كۆزدە ئاغدۇرسا بەش چوڭ پايدىسى بولىدۇ

1. يەرنى كۆزدە ئاغدۇرسا تۇپراقنىڭ تىرىلغۇ قاتلىمى جانلىنىدۇ. ئۇدا ئۈچ يىل كۆزدە ئاغدۇرۇلغان تۇپراقنىڭ تىرىلغۇ قاتلىمى ئەسلىدىكى 10 — 12 سانتىمېتىردىن كۆپىيىپ 20 — 25 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. يەرنى ئاغدۇرغاندىن كېيىنكى تۇپراققا تىرىلغان زىرائەتنىڭ يىلتىز سىستېمىسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ھەمدە زىرائەتنىڭ شامالغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ.

2. تۇپراق ئوغۇتقا تويىدۇ. كۆممقۇناق ئېگىزلىدىن كۆزدە ئاغدۇرۇپ ئەتىيازدا تىرىلىدىغان ھەر مو يەرنىڭ ئاستىدا تەخمىنەن 80 — 100 كىلوگرامغىچە شاخ ـ شۇمبا كۆمۈلۈپ قېلىپ، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددا 5% ئەتراپىغا يېتىدۇ. بۇ 1.3 توننا سۈپەتلىك قىغ قويغان بىلەن باراۋەر كېلىدۇ.

3. ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. يەرنى كۆزدە ئاغدۇرغاندىن كېيىن، نەملىك پارغا ئايلانماي، تۇپراقنىڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

4. يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ. يەرنى كۆزدە ئاغدۇرغاندىن كېيىن، يەرنىڭ ئىسسىقلىقنى سۈمۈرۈۋېلىش ئىقتىدارى

كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشىدۇ. ئادەتتە كۈزدە ئاغدۇرۇپ تېرىغان يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەتىيازدا ئاغدۇرۇپ تېرىغان يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا قارىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.5 سېلسىيە گرادۇس يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىشىغا ۋە زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسى زور.

5. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى ئازايتقىلى بولىدۇ. يەرنى كۈزدە ئاغدۇرۇپ ئەتىيازدا تېرىسا، يەر يۈزىدىكى 80 % زىيانداش ھاشارات ۋە ئوتلارنىڭ تۇخۇمى يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ، زىيانداش ھاشاراتلار زور دەرىجىدە ئازىيىدۇ.

## 2. بۇغداي كۆك پىتىنىڭ مۇھىت شارائىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇغداي كۆك پىتى بۇغداي، ئاق قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاچماقالىق كۆك پىت ۋە ئۇزۇن نەيچىلىك كۆك پىت بىر قەدەر كۆپ تارقىلىدۇ.

بۇغداي كۆك پىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە زىيان سېلىشى مۇھىت شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

1. ھاۋا كىلىماتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: ھاۋانىڭ نەملىكى ۋە تېمپېراتۇرىسى بۇغداي كۆك پىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 15—25 سېلسىيە گرادۇس، نىسپىي نەملىك 75 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولسا، كۆك پىت راسا كۆپىيىپ زىيان سالىدۇ. ئادەتتە ئاچماقلىق كۆك

پىت بىلەن ئۇزۇن نەيچىلىك كۆك پىتنىڭ تەلەپ قىلىدىغان تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇغداي ئاچما قىلىق كۆك پىتنىڭ كۆپىيىشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 15 — 22 سېلسىيە گرادۇس بولىدۇ، ئەگەر تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ 30 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ كۆپىيىشتىن توختايدۇ. بۇغداينىڭ ئاچما قىلىق كۆك پىتى قۇرغاق شارائىتنى ياخشى كۆرىدۇ، ئادەتتە نىسپىي نەملىك 35—67 پىرسەنت بولغاندا كۆپىيىشى ئەڭ تېز بولىدۇ. بۇغداينىڭ ئۇزۇن نەيچىلىك كۆك پىتى ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولغان مەزگىللەردە تېز كۆپىيىدۇ. يەنى نىسپىي نەملىك 40 — 80 پىرسەنت بولغاندا تېز كۆپىيىپ، بۇغدايغا ئېغىر زىيان سالىدۇ.

قىش پەسلىدە سوغۇق قاتتىق بولمىسا، ئەتىياز پەسلى قۇرغاق بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغداي پوقاق بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا ھەم ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولسا، كۆك پىتنىڭ زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. تومۇزدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا دەۋرى قىسقا بولسىمۇ، كۆك پىتنىڭ زىيىنى ئېغىر بولىدۇ.

2. كۈشەندە ئامىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: بۇغداي كۆك پىتىنىڭ كۈشەندىلىرى ئاساسەن خانقىز، ئالتۇن كۆز قوڭغۇز، كۆك پىت چىۋىنى، پارازىت ھەرە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ كۈشەندىلەر كۆك پىتنى بىۋاسىتە تۇتۇپ يېيىش ياكى ئۇنىڭ تېنىدە پارازىتلىنىش ئارقىلىق ئازايتىدۇ. لېكىن بۇ خىل كۈشەندىلەر

كۆپىنچە كۆك پىت پەيدا بولۇشنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن
كېيىن پەيدا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شۇ يىللىق كۆك پىتنى
كونترول قىلىش ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. ئەمما
كېيىنكى يىلدىكى ياكى كېيىنكى مەزگىللەردىكى كۆك پىت-
نى كونترول قىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

3. زىرائەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋىتى: زىرائەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ كۆك پىت
زىيىنىنىڭ ئېغىر-يەڭگىل بولۇشىغا روشەن تەسىر كۆرسە-
تىدۇ. 1) كۆك پىتنىڭ تېرىق ۋە بۇغداينىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇلۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: تېرىق قانچە كۆپ
تېرىلسا، بۇغداي كۆك پىتىنىڭ زىيىنى شۇنچە ئېغىر بولىدۇ.
چۈنكى تېرىق ئېتىزى بۇغداي كۆك پىتىنىڭ مەنبەسى ھېسابـ
لىنىدۇ. شۇڭا بۇغداي بىلەن تېرىقنى ئارىلىقىنى يىراقـ
راق قالدۇرۇپ، تېرىش لازىم. 2) ئاق قوناقنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: كۈزگى بۇغ-
داي كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يازغى بۇغداي بىلەن ئاق قو-
ناقنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ئازايتىۋېتىلسە، بۇغداي كۆك پىـ
تىنىڭ قىشتىن ئۆتۈشى ۋە ئۆتكۈنچى بازىسى كېڭىيىپ، كۆپ
پەيدا بولىدۇ ۋە زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. ئادەتتە بۇغداي بىـ
لەن ئاق قوناق ئارىلاش ئۆستۈرۈلىدىغان رايونلاردا بۇغداي
كۆك پىتىنىڭ زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. كۈزگى بۇغداي بىلەن
كۆممىقوناق ئارىلاش تېرىلىدىغان رايونلاردا بۇغداي كۆك
پىتى يەڭگىل بولىدۇ.

4. تېرىلىش ۋاقتى ۋە زىرائەت سورتلىرى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى: كۈزگى بۇغداي مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ

تېرىلسا ، ئاق قوناق ئېتىزلىرىدىن بۇغدايلىققا كۆچۈپ كېلىدىغان كۆك پىت ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ. ئومۇمەن بالدۇر پىشار سورتلاردا كۆك پىت زىيىنى يەڭگىل بولىدۇ. ئاق قوناقنىڭ بالدۇر پىشار سورتلىرى 5 – ئايدىن بۇرۇن تېرىلسا ، مايسىلىرى بالدۇر يېتىلىپ، يۇمران غوللىرى بالدۇر شەكىللىنىدۇ. گەرچە كۆك پىت كۆپ بولسىمۇ، ئاق قوناق ئاسان نابۇت بولمايدۇ هەم كۆك پىتنىڭ سانى ئازايغاندىن كېيىن يېڭى يوپۇرماق چىقىرىدۇ. ئارا پىشار سورتلىرى 5 – ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا تېرىلسا ، يوپۇرماق چىقىرىشى بىلەنلا كۆك پىتنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. 5 – ئاينىڭ باشلىرى كۆك پىت راسا كۆپىيىدىغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە تېرىلگەن ئاق قوناقلار ئاسان ئۈنمەيدۇ، ئۈنگەن تەقدىردىمۇ، مايسىلىرىنىڭ ئايرىم يوپۇرماقلىرى قىزىرىپ قالىدۇ. 6 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن يېڭى يوپۇرماق چىقىرىپ ، كۆك پىتنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

## 3. بۇغدايلىقتىكى قوش پەللىك ۋە ئاددىي يوپۇرماقلىق ياۋا ئوت - چۆپلەرنى دورىلاپ يوقىتىش ئۇسۇلى

بۇغدايلىقتىكى لويلا، چارئوت، خوخا قاتارلىق قوش پەللىك ئوت-چۆپلەر ۋە ئارپىخان قاتارلىق ئاددىي يوپۇرماقلىق ياۋا ئوت-چۆپلەر بۇغداي مايسىلىرى بىلەن تەڭ ئۆسكەنلىكتىن، بۇغداينىڭ ساغلام ۋە نورمال ئۆسۈشىگە

تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇغداينىڭ رەت ئارىلىقى تار بولغاچقا، ۋاقتىدا ئوتاشمۇ ئەپسىز، شۇڭا بۇخىل ياۋا ئوت-چۆپلەرنى خىمىيىۋى دورا ئارقىلىق يوقىتىشنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ. يوقىتىش ئۇسۇلى مۇنداق:

قوش پەللىلىك ياۋا ئوت-چۆپلەرگە «2 . 4 . D» دورىسى، 80 پىرسەنتلىك ناترىي تۇزى ياكى ئاممونىي تۇزىنىڭ 100 — 120 گرامىغا 50 — 80 گرامدىن سۇ قوشۇپ، بۇغداي راسا تۈپلەنگەندە ياكى ئەتىيازدا بۇغداي تۈپلىنىشتىن بوغۇم چىقارغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھاۋا ئوچۇق، ئىللىق، شامال كۈچى زور بولمىغان كۈننى تاللاپ چاچسا بولىدۇ ياكى بوغۇم چىقىرىشتىن ئىلگىرى 70 پىرسەنتلىك ناترىي تۇزىنىڭ 80 — 100 گرامىغا 50 — 100 كىلوگرام سۇ قوشۇپ چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئاددىي يوپۇرماقلىق ئوت-چۆپلەرنى يوقىتىشتا 25 پىرسەنتلىك لىمروندىن 0.5—1 جىڭنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى 50 كىلوگرام سۇ قوشۇپ، بۇغداي تېرىلىپ ئۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا چېچىش، 10 پىرسەنتلىك پاربان ئېرىتمىسىنىڭ 300 گرامىغا 40 — 50 كىلوگرام سۇ قوشۇپ ئارپىخان بىر-ئىككى قولاق بولغاندا چېچىش لازىم.

## 4. بوردىن پايدىلىنىپ كېۋەزدىكى چېچەك ۋە غوزا تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ

بور زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، بولۇپمۇ چېچەكلەش مەزگىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئوزۇقلۇق

ماددىلارنىڭ بىرى. تۇپىراقتا بور ماددىسى كەمچىل بولسا، ئالدى بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىز ۋە غولىنىڭ ئۇچى زىيانغا ئۇچرايدۇ، بۆلۈنگۈچى توقۇلمىلار بالدۇر ئاجىزلاپ، ئۆسۈش نۇقتىسى نابۇت بولىدۇ، ئاز چېچەك- لەيدۇ ھەم چاڭلىشىشمۇ ناچار بولىدۇ. يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلالمايدۇ. بور ماددىسى يېتىشمىسە، كېۋەز- نىڭ چېچەك ۋە غوزىلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

تۇپراقتىكى بورماددىسىنىڭ كەملىكىنى ئېنىقلاش- نىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىرى، تۇپراقتىن ئەۋرىشكە ئېلىپ لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش. بۇنىڭدا ئەگەر تېز ئۈنۈملۈك بور تەركىبى 0.8 پىرسەنتتىن تۆ- ۋەن بولسا، تۇپراقتا بور ماددىسىنىڭ كەمچىل ئىكەنلى- كىنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ھالى- تىنى كۆزىتىش. ئەگەر يوپۇرماق سېپىدا ھالقىسىمان بەلباغلار پەيدا بولسا، بولۇپمۇ يۇمران غوزىلارنىڭ كۆل- كاسا يوپۇرمىقى ھەم چاپلاشمىغان بولسا ياكى كېسەل- لىك، ھاشارات زىيانداشلىقى، مېخانىكىلىق زەخىملىنىش كۆرۈلمىگەن ھالەتتە چېچەك ۋە غوزىلارنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشى كۆپ بولسا، تۇپراقتا بور ماددىسىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالامەتلەرگە ئاساسەن، تۇپراقنى مۇۋاپىق مىقداردا بور ئوغۇتى بىلەن ئوغۇتلاپ، بور ماددىسىنى تولۇقلاش ئارقىلىق كېۋەزنىڭ چېچەك ۋە غوزىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى ئازايتىش — كېۋەز مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى بىر ئۈنۈملۈك تەدبىر.

بورنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىشتا، ئىشلىتىش مىقدا-

رىنى قاتتىق كونترول قىلىش لازىم. ھەر مو يەرگە ئەگ كۆپ بولغاندا 0.75 كىلوگرام بوراكسىد (بور قۇمى) نى ياكى 0.5 كىلوگرام بورات كىسلاتاسىنى 10 كىلوگرامدىن 15 كىلوگرامغىچە يۇمشاق توپىغا تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن چېچىش لازىم.

بورنى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بەرگەندە بىرقەدەر بىخەتەر بولىدۇ. بۇنىڭدا، بوراكسىنىڭ 0.2 پىرسەنتلىك ئېرىتمىسىنى تەييارلاپ، ھەر مو يەرگە 50 كىلوگرامدىن 75 كىلوگرامغىچە توغرىلاپ، ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ، كېۋەزنىڭ دەسلەپكى چېچەكلەش مەزگىلى ۋە چېچەكلىشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەردە زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ پۈركۈش كېرەك.

## 5. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى دورىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ۋە دورىلاش ئۇسۇللىرى

1. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى مىكروبقا قارشى «401» دورىسىغا چىلاش:

ئۇرۇقلۇق چىگىتنى مىكروبقا قارشى «401» دورىسىغا چىلاپ تېرىغاندا، كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى مايسىلارنىڭ تېمەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇسۇلى مۇنداق: 50 گرام مىكروبقا قارشى «401» دورىسىنى 50 كىلوگرام سۇغا تەكشى ئارى-

لاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۈنۈشىگە ئۇرۇقلۇق چېكىتىنى 24
سائەت چىلاپ تېرىسا، كۆيدۈرگەكبېسىلىشنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئۇرۇقلۇق چېكىت
دورىغا چىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر سولىشىپ قۇ-
رۇش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر بولسا، پېنتا خلور
نېترىل بېنزول ياكى ئۈچ خلورلۇق نىترو بېنزول كۇ-
كۇم دورىسىدىن 0.5 كىلوگرام ۋە قۇرۇق، يۇمشاق توپى-
دىن 4.5 كىلوگرام تەييارلاپ، ئۇرۇقلۇق چېكىتكە ئارى-
لاشتۇرۇپ تېرىلسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئادەتتە
ئۇرۇقلۇق چېكىتنى دورىغا چىلاپ تېرىشتا، كۆپىنچە
مىكروبقا قارشى «401» دورىسى ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا مىك-
روبقا قارشى «401» دورىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىگە 50
ئۈلۈشتىن 100 ئۈلۈشكىچە سۇ قوشۇپ سۇيۇلدۇرۇلغان دو-
را سۇيۇقلۇقىنى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ، 250 كىلوگرام
ئۇرۇققا تەكشى پۈركۈپ، بىر - ئىككى كۈن ئۈستىنى يې-
پىپ دۈملەپ ئاندىن تېرىلىدۇ.

2. ئۇرۇقلۇق چېكىتنى مېتىل كالتسىي ئارسىنات
دورىسى بىلەن دورىلاش: 10 پىرسەنتلىك مېتىل كالتى-
سىي ئارسىنات (6401) كۇكۇم دورىسىدىن 250 گرام
ئېلىپ، 4.5 كىلوگرام ئوتۇن كۈلىگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇ-
لىدۇ. ئاندىن ئۈنى سۇ بىلەن نەمدەپ 50 كىلوگرام
ئۇرۇققا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا
ئۇرۇق ئارقىلىق يۇقىدىغان كېسەللىك ۋە تۇپراق ئارقى-
لىق يۇقىدىغان سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكىنىڭ ئۈنۈملۈك
ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

3. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى يىلىمان سۇغا چىلاش: بۇ ئۇسۇل ئاددىي ھەم قوللىنىش ئاسان بولۇپ، ئۇرۇقلۇق چىگىتنىڭ يۈزىدىكى كېسەل پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرگىلى ھەم ئۇرۇقنىڭ بالدۇر بىخلىنىپ، بالدۇر ئۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئۇسۇلى مۇنداق: ئۈچ ئۈلۈش قايناق سۇغا بىر ئۈلۈش سوغۇق سۇ قوشۇپ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 55 سېلسىيە گرادۇستىن 65 سېلسىيە گرادۇسقىچە تەڭشەپ، ئۇرۇقلۇق چىگىتنى يېرىم سائەت ئەتراپىدا چىلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە سوغۇق سۇ قوشۇپ بىر ئاز تۇرغۇزۇپ سۈزۈپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ تېرىلىدۇ.

4. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى باۋىستىن بىلەن دورىلاش: باۋىستىننى ئۇرۇقلۇق چىگىت ئېغىرلىقىنىڭ 18 پىرسەنت نىسبىتىدە توغرىلاپ، ئۇدۇللۇق ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇدۇللۇق تېرىسا، كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم مايسىلارنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

5. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى توپسىن بىلەن دورىلاش: ئۇرۇقلۇق چىگىتكە توپسىننى چىگىت ئېغىرلىقىنىڭ 0.5 پىرسەنتتىن بىر پىرسەنتكىچە توغرىلاپ ئارىلاشتۇرۇپ دورىلاپ تېرىسا، كېۋەزنىڭ قۇرۇپ قېلىش، سارغىيىپ قېلىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

6. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى $CME$ دورىسى بىلەن دورىلاش: بۇنىڭدا، $CME$ دورىسى بىر ھەسسە، 70 پىرسەنتلىك بەش خلورلۇق بېنزول ئۈچ ھەسسە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ 0.5 كىلوگرامى بىلەن 100 كىلوگرام چىگىت دورى-

لانسا، كۆپ خىل كېسەللىك باكتېرىيىلىرىنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

## 6. كېۋەزنىڭ چېچەكلەش، غوزىلاش مەزگىلىدە دېھقانچىلىق دورىسىنى چۈشتىن كېيىن چېچىش مۇۋاپىق

كېۋەزنىڭ چېچەكلەش، غوزىلاش مەزگىلىدە دېھقانچىلىق دورىسى چېچىشقا توغرا كەلسە، چۈشتىن كېيىن چېچىش لازىم. چۈنكى كېۋەز چۈشتىن بۇرۇن چېچەكلەيدۇ. بۇ چاغدا دورا چېچىلسا، گۈل چاڭ دانىچىلىرى سۇنى سۈمۈرۈۋېلىپ يېرىلىپ كېتىپ چاڭلىشالمايدۇ. كېۋەزگە زىيان سالغۇچى ھاشارات غوزا قۇرتىمۇ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سەل تۆۋەنلىگەندىن كېيىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى دورىلارنى تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە چاچسا، زەھەرلىنىش ۋە پارچىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەمنى ياكى زىرائەتلەرنى زەھەرلەپ قويىدۇ. شۇڭا كېۋەز چېچەكلىگەن، غوزىلىغان مەزگىلدە دورا چېچىشقا چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ تۆتلەردىكى ۋاقىت ئەڭ مۇۋاپىق.

## 7. قار توپلانغان كۆزگى بۇغداي ئېتىزلىرىنى توپا بىلەن باستۇرۇشقا بولمايدۇ

بەزى دېھقانلار كۆزگى بۇغداينىڭ ئۈسۈش تېمپې-

راتۇرىسىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن توپا بىلەن باس-
تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ئادەتتە كۈزگى بۇغداي ئېتىزلى-
رىغا مۇۋاپىق مىقداردا قومساڭغۇ توپا چاچسا بولىدۇ.
لېكىن ئۇلار قارنىڭ توپلىنىشى توپىلاشنىڭ رولىنى
ئۆتىيەلمەيدۇ دەپ قاراپ، قار - شىۋىرغانغا پەرۋا قىلماي،
كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىغا دۆۋە - دۆۋە توپىلارنى يۆت-
كەپ، توپا بىلەن باستۇرىدۇ، بۇنىڭ ئەتىيازدا بۇغداي
مايسىلىرى كۆكەرگەندە مايسا كەملىكىنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدىغانلىقىنى زادىلا ئۇقمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى
مۇنداق: 1) قار توپلانغان ئېتىزلارنى توپا بىلەن باس-
تۇرغاندا، تەبىئىي توپلانغان قار قەۋىتىنىڭ بوش، تور-
سىمان تۈزۈلۈشى بۇزۇلۇپ، تېمپېراتۇرا ساقلاش رولى-
نى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ، كۈزگى بۇغداي مايسىلىرىنىڭ
ئۈششۈپ نابۇت بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. 2) بەزى
ئېتىزلارغا تۆكۈلگەن توپىلارنىڭ شور تەركىبى يۇقىرى
بولۇپ، ئەتىياز كېلىپ قار ئېرىگەندە يەرلەرنىڭ شور-
لىشىشىنى پەيدا قىلىدۇ. 3) تۇپراق قاتماللىشىپ، كاپىل-
يارلىق تەسىر تۇپەيلىدىن تۇپراقتىكى سۇ كۆپلەپ
پارغا ئايلىنىپ، مايسىلارنىڭ قۇرۇپ نابۇت بولۇشىنى
پەيدا قىلىدۇ. 4) قارتوپلانغان ئېتىزلارنى توپا بىلەن
باستۇرغاندا، يەر ئىسسىقلىقىنىڭ تەسىرىدە توپا ئاستى-
دىكى قار ئېرىيدۇ، قار قەۋىتىنىڭ تۆكىشىگە ئەگىشىپ،
يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى جىددىي تۆۋەنلەپ، توپا قەۋىتى
بىلەن يەر يۈزى ئوتتۇرىسىدا توڭ قەۋەت شەكىللىنىپ،
تۇپراقنىڭ هاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىغا تەسىر يېتىدۇ، نە-

تىجىدە مايسىلار دېمىقتا نابۇت بولىدۇ. شۇڭلاشقا، قار توپلانغان كۆزگى بۇغداي ئېتىزلىرىنى توپا بىلەن باستۇرۇشقا بولمايدۇ. توپا يۆتكىلىپ بولغان بولسا، ئۇنى ۋاقتىدا تەكشى چېچىۋېتىش لازىم. ئەتىياز كەلگەندە ۋاقتىدا تىرنىلاپ، شورلىشىشتىن ساقلىنىش ھەم نەملىكنى ساقلاش لازىم.

## 8. كۆممىقۇناقنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە ئېنېرگىيە سانائىتىدە تۇتقان ئورنى

كۆممىقۇناق دۇنيادا تېرىلىش كۆلىمى ئەڭ كۆپ ئۈچ خىل ئاشلىق زىرائىتىنىڭ بىرى. ئۇ، دۇنياغا كەڭ تارقالغان، ھاۋارايى ۋە تۇپراق شارائىتىغا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك زىرائەت بولۇپ، مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئىستېمال يولىنىڭ كەڭلىكى، تەمىنلىگەن ئېنېرگىيىسىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە دۇنياغا مەشھۇر.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تەجرىبە ئېتىزىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 2600 جىڭغا يەتتى. كۆك شېخىدىنمۇ 4000 جىڭ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقات مۆلچەرىدىن قارىغاندا، كۆممىقۇناقنىڭ كۈن نۇرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 47 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلسە، ھەر مويەردىن 7000 جىڭ ئۆپچۆرىسىدە ھوسۇل ئېلىشقا بولىدىكەن.

كۆممىقۇناقنى تولۇق پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي

قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ، ئادەملەر ئۈچۈن ئوزۇق، چارۋا ماللار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يەم-خەشەك، يېمەكلىكلەر سانائىتى، يېنىك سانائەت، دورىگەرلىك ئۈچۈن خام ئەشيا، شۇنىڭدەك ھازىر يەنە ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشقا يېڭىدىن قوشۇلغان مۇھىم خام ئەشيا بولۇپ قالدى.

ھازىر يېمەك - ئىچمەك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كۆممىقوناقنى خام ئەشيا قىلىدىغان يېمەكلىكلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، جۈملىدىن كۆممىقوناقتىن كىراخمال، ساخاروزا قىيامى، گلۇكوزا قىيامى، سوغۇق ئىچىملىك، سۈنئىي سېرىق ماي، سۈت پاراشوكى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلماقتا. بۇلار ئاسان ھەزىم بولغاچقا، بالىلار ۋە ياشانغانلارنىڭ قوشۇمچە ئوزۇقى قىلىنىدۇ. كۆممىقوناق ئۈندۈرمىسىدە 50% ئەتراپىدا ماي بولۇپ، ئادەم تېنىگە سىڭىش نىسبىتى 97 پىرسەنتكە يېتىدۇ. شۇڭا قوناق مېيى «ساغلاملىق مېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. 1983 - يىلى ئامېرىكا ئوزۇقشۇناسلىرى 9000 توننا كۆممىقوناقنىڭ ھەر توننىسىدىن 87 كىلوگرامدىن ساخاروزا قىيامى ئىشلەپچىقارغان. ئۇنىڭ قالدۇقىدىن يەنە 19 كىلوگرام ئاقسىل، 10 كىلوگرام كىراخمال، ئالتە كىلوگرام ماي ئاجرىتىۋالغىلى بولىدىكەن. بىر توننا كۆممىقوناقتىن ئىسپىرت ئىشلىگەندىن كېيىن، قالدۇقىدىن 90 كىلوگرام ئاقسىل، 40 كىلوگرام ماي، 10 كىلوگرام تۇز ئاجرىتىۋالغىلى بولىدىكەن.

كۆممىقۇناقىنىڭ دېنىدىن باشقا قىسىملىرىمۇ يۇ-
قىرى ئېنېرگىيىگە ئىگە يەم - خەشەك ھېسابلىنىدۇ. چار-
ۋىچىلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كۆممىقۇناقىنىڭ
دېنى، مەدىكى، كېپىكى، شېخى قاتارلىقلار قىلچىمۇ ئىس-
راپ قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭدىن «ئېچىتقۇ زاۋۇتى» ئارقىلىق
يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىپ گۆش، سۈت، تۇخۇمدەك
يۇقىرى توقلۇققا ئىگە ئوزۇقلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ،
مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچىرىچە، بىر توننا كۆممىقۇناق
سەرپ قىلىپ، 150 كىلوگرام كالا گۆشى، ياكى 300
كىلوگرام تۇخۇم ۋە ياكى 1800 كىلوگرام سۈتنى كۆپ
ئالغىلى بولىدىكەن. راسا ئوخشىغان بىر مو يەرنىڭ
قونىقىدىن سىلوس ياسالسا 1000 ئوزۇقلۇق بىرلىكىگە
ئىگە بولغىلى، ئۇنىڭ بىلەن كالا باققاندا 100 كىلو-
گرام كالا گۆشى ياكى 1200 لىتر سۈتنى كۆپ ئال-
غىلى بولىدۇ. ئەمما كۆممىقۇناقتا لىزىن كىسلاتاسى،
مىتونىن كىسلاتاسى قاتارلىق زۆرۈر ئامىنوني كىسلاتا-
لىرى كەم بولغاچقا، باشقا يەم - خەشەكلەرنى ئارىلاش-
تۇرۇپ بېقىش تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

كۆممىقۇناق ئۇنىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان كراخمالنى
فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئوكسىدلانغان
كراخماللىغا ئايلاندۇرۇپ، يېمەك - ئىچمەك، قەغەزچى-
لىك، توقۇمىچىلىق، دورىگەرلىك، قۇيمىچىلىق ۋە گىردىم
بۇيۇملىرى ياساشتا يېپىشتۇرغۇچى ۋە پاتلىغۇچى قىلىپ
ئىشلىتىشكە بولىدۇ. كۆممىقۇناق غولىدىن سۈنئىي تالا، يې-
پەك، توك ئۆتكۈزمەيدىغان ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ياسىغ-

لى بولىدۇ. مەدىكىدىمۇ كىلىيونكا، پۇرۇپكا، ئوق دور-
سى، سۈنئىي شىلىم ياسىغىلى بولىدۇ. كۆممىقۇناقتا يا-
سالغان هاراقنىڭ سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى
بولىدۇ.

كۆممىقۇناقتىن ياسالغان گلۇكوزىنىڭ سۈپىتى
ياخشى، مىقدارى كۆپ بولۇپ، دوختۇرخانىلاردا كەم
بولسا بولمايدىغان قۇتقۇلدۇرۇش ئوزۇقى قىلىنىدۇ. كۆممى-
قۇناق ساخاروزىسىنى ئۆستۈرگۈچى قىلىپ پېنىتسىللىن،
تېتراتسىللىن قاتارلىق مىكروبقا قارشى دورىلار ياسىلى-
دۇ. كۆممىقۇناقنىڭ دېنى، مەدىكى، ساقىلى، غولىدىكى
پورى، گۈل چېچىكى، يىلتىزى، تۆرەلمىسىدىن ئاجرىتىۋې-
لىنغان ماي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كېسەل داۋالاشتا
ئىشلىتىلىدۇ.

كۆممىقۇناق ئۇنى سەمرىتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ،
ساقىلى جۇڭگوچە داۋالاشتا سۈيدۈك ھەيدەش، قان بې-
سىمىنى تۆۋەنلىتىش، قان توختىتىش جەھەتتە شىپالىق
دورا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۆرەك ياللۇغى،
ئۆت ياللۇغى، شېكەر سىيىش، سۈيدۈكتە قان پەيدا بولۇش
قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالايدىغان دورىلارغا كۆممىقۇ-
ناق ساقىلى قوشۇپ ياسىلىدۇ. كۆممىقۇناقتىن ئاجرىتى-
ۋېلىنغان ماينى داۋاملىق ئىستېمال قىلسا تاجىسمان
يۈرەك كېسىلى، قان تومۇرى قېتىۋېلىش كېسەللىرىنىڭ
ئالدىنى ئالغىلى ياكى كېسەللىكنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا، كۆممىقۇناقنىڭ شاخ - يوپۇرمى-

قىنى پاتقاق گازىغا ئايلاندۇرۇپ يېقىلغۇ قىلىش ئارقىلىق ئوتۇن، كۆمۈر ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. دېھقانلارنىڭ كۆممىقوناق شېخى ۋە مەدىكىنى بىۋاستە يېقىلغۇ قىلىشى ناھايىتى چوڭ ئىسراپچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى كۆك ۋاقتىدا مالغا بەرگەندە ياكى ئۇنىڭ بىلەن پاتقاق گازى ياسىغاندا ناھايىتى كۆپ ئېنېرگىيىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 9. قىش پەسلىدە زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى ساقلاشتا ئالتىمگە دىققەت قىلىمىڭ

1. زىرائەت ئۇرۇقىنى سۇلياۋ خالتىغا قاچىلىماسلىق كېرەك. ئۇرۇق قىش پەسلىدە ئۇيقۇ ھالىتىدە تۇرسىمۇ، لېكىن نەپەسلىنىش ھالىتى توختىمايدۇ. شۇڭا ئۇرۇقنى سۇلياۋ خالتىغا قاچىلاپ قويسا، ئۇرۇقتىكى ھاۋانىڭ سىرتقى ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىشى توسالغۇغا ئۇچراپ، ئۇرۇقنىڭ نەپەسلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىخلىنىش ھالىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇرۇق كۆكىرىپ قېلىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

2. زىرائەت ئۇرۇقىنى ئىسسىق - سوغۇق ساقلىماسلىق كېرەك. سىرتتا ساقلانغان ئۇرۇق زىيادە توڭلاپ كەتسە، ئۇنى ئىسسىق ئۆيگە يۆتكىمەسلىك، ھەمدە ئىسسىق ئۆيدە ساقلانغان ئۇرۇقنى سىرتقا يۆتكىمەسلىك كېرەك. بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسا، ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

3. ئۇرۇقنى ئىس – تۈتۈن كۆپ بولغان ئۆيلەردە ساقلىماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇرۇق ئىس – تۈتۈن بار ئۆيلەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالسا، بىخلىنىش ھالىتى زەخىمگە ئۇچرايدۇ.

4. ئۇرۇقنى يەرگە قويماسلىق كېرەك. مەيلى تاغار ياكى خالتىغا قاچىلانغان ئۇرۇق بولسۇن، ئاستىغا شال ياكى تاش قويۇلمىسا، ئۇرۇق نەملىشىپ قېلىپ، بىخلىنىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

5. زىرائەت ئۇرۇقلىرىنىڭ ياغمۇر ياكى قاردا قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن تاللانغان كۆممىقوناق باشقىنى سىرتتا ساقلاشقا توغرا كەلسە، ئۈستىنى بورا ياكى قومۇش، قۇرۇق ئوت – چۆپ بىلەن ئوبدان چۈمكەپ قويۇش كېرەك.

6. زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇتلار بىلەن بىللە ساقلىماسلىق كېرەك. بەزى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇتلار تۇزۇيدىغان بولغاچقا، ئۇرۇقنى ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە قويۇپ قويسا، ئۇرۇق ئاسان زىيانغا ئۇچراپ، بىخلىنىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

## 10. ئۇرۇقلۇق چىگىتنى قانداق ساقلاش كېرەك

چىگىتنىڭ تەركىبىدە ماي كۆپ، پوستى قاتتىق، سىرتىدا بىر قىسىم قىسقا تېۋىتى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ

ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناھايىتى ناچار، پوستى بى‑
لەن مېغىزى ئارىلىقىدا ھاۋا قاتلىمى بولىدۇ، ئۇنى تۆ‑
ۋەن تېمپېراتۇرىلىق قۇرغاق جايدا ساقلىسا، ئۆمرى بىر
قەدەر ئۇزاق بولىدۇ. ئەگەر ساقلاش شارائىتى مۇۋاپىق
بولمىسا، تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇپ كەتسە، سۈپىتى
ئۆزگىرىپ، چىگىت تېرىلغۇچە بولغان 5—6 ئاي ئىچىدە
ئورۇقلۇق قىممىتىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. ئورۇقلۇق چىگىتنى تاللىغان چاغدا، قىراۋچۈ‑
شۈشتىن ئىلگىرى يىغىۋېلىنغان كېۋەزنىڭ چىگىتىنى ئۇ‑
رۇقلۇق قىلىپ تاللاش لازىم. چۈنكى، چىگىتنىڭ ساقلاش‑
قا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ پىشىش دەرى‑
جىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ خىل چىگىت‑
نىڭ تۆرەلمىسى توق، ئورۇق قاسىرىقى قاتتىق، تولۇق
پىشقان بولغاچقا، ئۇزاق ساقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى
بولىدۇ.

2. چىگىت تەركىبىدىكى نەملىك مىقدارىنى تۆۋەن‑
لىتىش لازىم. ئورۇقلۇق قىلىشقا تاللىغان چىگىتنىڭ
نەملىكى 11 — 12 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك.
بۇ خىل چىگىت مەيلى ئىسسىق ئۆتكەن، توڭلاپ
قالغان مەزگىلدە بولسۇن، ئۇندۇرمىسى ئوخشاشلا تە‑
سىرگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى،
قۇرۇق چىگىت ئاسان ئوت ئالىدۇ، شۇڭا، تۈرلۈك ئوت
ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش
كېرەك.

3. چىگىتنىڭ ئامبارلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سۈ‑

پىتى، بىخلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، مۇۋاپىق بولغانلىرىنى ئامبارغا كىرگۈزۈش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى چېكىتتىكى غەلدە - غەشلەر بەش پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، بىخلىنىش نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

4. ئۇرۇقلۇق چېكىتىنى ئامباردا ساقلىغاندا، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 9 —، 10- ئايلاردا چېكىتىنى كۈندە بىر قېتىم ئۆلچەپ، تېمپېراتۇرىسىنى 15 سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن ساقلاش زۆرۈر. قاپ - قاچىلارغا قاچىلاپ ساقلىغان ئۇرۇقلۇق چېكىتلەرنى رەتلىك تىزىپ، دۆۋىلەر ئارىسىدا ئۆتۈشمە يول قويۇش كېرەك، ئۇنى قاپ - قاچىلارغا قاچىلىغاندا، خىمىيىۋى ئوغۇت قېپى ۋە باشقا سۇلياۋ قاپلارغا قاچىلاشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قاپلار چېكىتنىڭ نەپەسلىنىشىنى بۇزىدۇ، بىخلىنىش ئىقتىدارىنى تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ. چېكىتنى ساقلاش جەريانىدا يەنە چاشقانغا ئوخشاش زىيانداشلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

## 11. پايدىلىق ھاشارات — خانقىز

ياز كۈنلىرى ئېتىزلىقلاردا دومبىسىگە كۆركەم «ساۋۇت يېپىنغان»، ئۈستىگە 7 — 13 تالغىچە قاراچېكىت چېكىملىگەن ھاشارات — خانقىزنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا خانقىزنىڭ تۈرى كۆپ. خانقىز يوپۇرماق پىتى، قىزىل ئۆمۈچۈك، غوزا قۇرتى تۇخۇمى ۋە ئۇنىڭ لىچىنكىلىرىنى يېيىشكە ناھايىتى ئامراق. يەتتە چېكىتلىك خانقىز كۈنگەي دۆڭلۈكلەردە قىشلايدۇ، 4 –، 5 – ئايلاردا كۆپلەپ تۇخۇملايدۇ، 7 – ئاينىڭ باشلىرىدا يېتىلگەن ئىككىنچى ئەۋلاد خانقىزلار بۇغدايلىقلاردىن كېۋەزلىككە يۆتكىلىپ، يوپۇرماق پىتىنى يەپ كۈن كەچۈرىدۇ. بىر تال يېتىلگەن خانقىز كۈنىگە 130 — 140 تالغىچە يوپۇرماق پىتى يەيدۇ.

يوپۇرماق پىتى كېۋەزنىڭ چوڭ دۈشمىنى. بولۇپمۇ تومۇزدا ۋە كۈزدە پەيدا بولىدىغان كېۋەز پىتلىرى كۈنجۈتچىلىك بولىسىمۇ، ئەمما تۇمشۇقى نەيچىسىمان ئۇچلۇق بولغانلىقتىن، كېۋەزنىڭ غول ۋە يوپۇرماقلىرىنى تېشىپ، شىرنىسىنى شورىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېۋەزنىڭ مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

كېۋەزلىكتىكى ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئالدىنى ئېلىشتا، خانقىزنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك. ھاشارات ئارقىلىق ھاشارات يوقىتىش، پايدىلىق ھاشاراتلار ئارقىلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى تىزگىنلەش كېۋەز پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇھىم چارىسى، شۇڭا ئېتىزلىقلاردىكى خانقىزلارنى ياخشى ئاسرىشىمىز لازىم.

يېتىلگەن خانقىز كۆپ تۇخۇملايدۇ، قىشتىن ئۆتكەن بىر چىشى خانقىز 1000 دانە، كۆپ بولغاندا 2300 دانىغىچە تۇخۇملايدۇ. خانقىزنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، بۇغدايلىقتا يېتىشتۈرۈش، كېۋەزلىككە قويۇپ بېرىش،

كېۋەزنىڭ ئارىسىغا قىچا كىرىشتۈرۈپ تېرىش لازىم. ئادەتتە ھەرمو يەردە 1000 — 1500 خا نىقىز بولسا، كېۋەز پىتى زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## 12. ئۈزۈم تېلىنىڭ قىشلىق پەرۋىشى توغرىسىدا

1. كۈزدە كۆمۈپ، ئەتىيازدا ئاچىدىغان ئۈزۈم تېلىنىڭ پەرۋىشى

1) كۆمۈشتىن ئىلگىرى ئوبدان چىرىگەن قىغ بىلەن بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. ئادەتتە قويۇلغىنىغا بەش يىل بولغان، ئەمما مېۋىلەشكە باشلىغىنىغا بىر - ئىككى يىل بولغان ئۈزۈم تېلىنىڭ ھەر بىر تۈپىگە 20 كىلوگرامدىن 25 كىلوگراممىغىچە قىغ ياكى گەندە قۇيۇش؛ قويۇلغىنىغا ئۈچ يىل بولغان، مېۋىلىگىنىگە بىر يىل بولغانلىرىنىڭ ھەر بىر تۈپىنى 50 كىلوگرامدىن 70 كىلوگراممىغىچە كۆك يانتاق ياكى 20 كىلوگرامدىن قوي قىغى بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك.

2) قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋاقتى ۋە ئۇسۇلى: ئۈزۈم تېلىنى شىمالىي شىنجاڭدا 11 - ئاينىڭ باشلىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرلىرىغىچە (كۆمۈشتىن ئون كۈن بۇرۇن) ئوغۇتلىسا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئوغۇتلاشتا، ئىككى يېنى ۋە ئارقا تەرىپىدىن 30 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 35 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ، تەييارلانغان ئوغۇتلارنى تۆكۈپ

ياكى يانتاقنى چىڭداپ بېسىپ، ئۈستىنى ئۆستەڭ قۇمى بىلەن كۆمۈش كېرەك. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە، جانلىقلارنىڭ مۇۋاپىق مىقداردىكى خام گۆشلىرى ياكى چىگىت ياغلىرىنىڭ دۇغلىرى بىلەن ئوغۇتلىسىمۇ بولىدۇ. كۈنجۈرە ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، بەش ياكى سەككىز كىلوگرامىنى داسقا چىلاپ، ئىسسىپ يۇمشىغاندىن كېيىن، ئورەك كولاپ كۆمۈۋەتسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق شارائىت بولمىغان ئەھۋالدا، كۆكتات شۆپۈكلىرى بىلەن ئوغۇتلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئوغۇت ئاز دېگەندە ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈلۈشى كېرەك.

3) سۇغىرىش: كۆمۈشتىن بۇرۇن قاندۇرۇپ ئىككى قېتىم سۇغىرىش كېرەك. بىرىنچى قېتىمدا قوشۇمچە ئوغۇتلاشتىن بۇرۇن، مېۋىسى ئۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن سۇغىرىش. ئىككىنچى قېتىمدا قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلىپ بولغاندىن كېيىنلا سۇغىرىش لازىم. چۈنكى، ئۈزۈم تېلى كۆمۈلۈشتىن ئىلگىرى تال تەركىبىدىكى كۆپ قىسىم نەملىك مېۋە، يوپۇرماق ئارقىلىق سەرپ قىلىنىپ كەتكەچكە، قىشنىڭ سوغۇقىغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەتىيازدا قۇرۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، سۇغىرىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن تال تەركىبىدىكى نەملىكنى تولۇقلىغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن كۆمۈلگەن ئوغۇتلارنى تۇپراققا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، يىلتىز سىستېمىلىرىنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، يىلتىزدىكى كېرەكسىز سۇ تامچىلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ.

4) كۆمۈش ۋاقتى ۋە ئۇسۇلى: تۇپراق نېپىز بىر قە-

ۋەت توڭلىغاندىن كېيىن (سىرتىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بەش سېلسىيە گرادۇس بولغاندا) كۆمسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. كۆمۈشتە ئالدى بىلەن، ئۈزۈم تېلى نوتىلىرى بىر-بىرلەپ باراڭ (بېدىش) دىن تارتىپ چۈشۈرۈلۈپ، قۇرۇپ قالغان شاخلىرى ۋە ھارام شاخلىرى كېسىۋېتىلىدۇ. ئاندىن نوتىلار ئۇچى تەرەپتىن تۆۋەنگە قىلىپ چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئاسان چىردىيدىغان كۇلا بىلەن چېتىپ، يەرگە تەكشى ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستى مۇۋاپىق ئېغىرلىقتا توڭ بىلەن باستۇرۇلۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن توپا بىلەن كۆمۈلسە بولىدۇ.

مۇمكىن بولسا، توپا تاشلاشتىن بۇرۇن 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شال پاخلى ياكى بەسەي يوپۇرماقلىرىنى يېپىپ، ئاندىن 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى توپا بىلەن كۆمسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كۆمۈلۈش ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە قېلىنلىقتا بولسا مۇۋاپىق. توك ۋە شال پاخلى بىلەن باستۇرغاندا، ماددا ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ ھەمدە باش ئەتىيازدىكى ئۈششۈك ئاپىتىنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن سۇ قويۇشقا بولمايدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ ئاپتاپ چىققان كۈنلەردە تال كۆمۈلگەن توپا ئۈستىگە ئاز - تولا سۇ چېچىپ بەرسە بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، توپا ئۈستىدىكى نەملىك پارغا ئايلىنىدۇ، ئۈزۈم تېلى تەركىبىدىكى نەملىك پارغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

2. كۆممەيدىغان ئۈزۈم تېلىنىڭ پەرۋىشى

كۆممەيدىغان ئۈزۈم تېلىنىڭ قوشۇمچە ئوغۇتلاش، سۇغىرىش ۋاقتى قاتارلىق پەرۋىشى كۆمىدىغان ئۈزۈم تېلىنىڭ پەرۋىشى بىلەن ئوخشاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆممەيدىغان ئۈزۈم تېلىنىڭ فورمىلاش، قىرقىش، ھارام شاخلىرىنى يۇتاش ئىشلىرى ئەتىيازدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا تالنىڭ قۇرۇپ قالغان، ئۈششۈپ قالغان، كېسەل تەگكەن شاخلىرى ئاساس قىلىنىپ كېسىلىدۇ. ناۋادا بىر يىل كۆمۈپ يەنە بىر يىلى كۆممىگەن ئۈزۈم تېلى بولسا، كۆمۈشتىن بۇرۇن يىلتىزى ئەتراپىنى چاناپ يۇمشىتىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر قىزىل ئۈزۈم، كىشمىش ئۈزۈم تېلى بولسا، ئىمكان قەدەر كۆمۈپ، قىشتىن بىخەتەر چىقىرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ياخشى ھوسۇل بېرىدۇ.

## 13. ياڭاق كۆچىتىنى بالدۇر مېۋىگە كىرگۈزۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلىرى

كىشىلەر، تېرىپ يېتىشتۈرۈلگەن ياڭاق كۆچەتلىرى يەتتە يىللىقتىن ئون يىللىقىچە بولغاندا مېۋىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاددىي تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ياڭاق كۆچەتلىرىنى ئۈچ يىلدىن تۆت يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە مېۋىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بالدۇر مېۋىلەيدىغان ياڭاق سورتلىرىنى

تاللاش. ئادەتتە ئىسسەن ياڭاق ئىككى يىلدا، قەغەز ياڭاق ۋە خەسە ياڭاق ئۈچ-تۆت يىلدىلا مېۋىلەيدۇ ھەم مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. شۇڭا بۇ سورتلار تاللاپ يېتىشتۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. قارا ياڭاق، تاش ياڭاق ۋە ياۋا ياڭاق سورتلىرى بىر قەدەر كېيىن مېۋىلەيدۇ.

2. پەرۋىشىنى كۈچەيتىش. ياڭاق كۆچەتلىرى ئۈنۈپ چىقىپ ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغان ھامان بىر قېتىم ئاز مىقداردا ئازوتلۇق ئوغۇت بېرىش، ئاندىن 6-ئاينىڭ بېشىدىن 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىككى قېتىم ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ، ئۈچ-تۆت قېتىم سۇغىرىش لازىم، شۇنداقلا كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىش، ياۋا ئوت-چۆپلەرنى ئوتاش ئارقىلىق يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىر قېتىم كالىيلىق ئوغۇت بېرىپ، ياغاچلىق توقۇلمىلارنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

3. ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش. كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ياڭاق كۆچەتلىرىنى ئۈششۈك ئاپىتىدىن ساقلاپ، يېتىلىۋاتقان كۆچەتلەر چېكىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرلىرىدا سۇغىرىش، ئوغۇتلاشنى توختىتىش لازىم. ياڭاق كۆچەتلىرى يوپۇرماق تاشلىغاندىن كېيىن بىر قېتىم ئات قىغى بىلەن ئوغۇتلاپ، كۆچەتلەرنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈپ،

يىلتىز سىستېمىسىنىڭ كېلەر يىلى بالدۇر ئۆيغىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

## 14. ئۆرۈكتە بولىدىغان چىپار قۇرتنى قانداق يوقىتىش كېرەك؟

ئۆرۈكتە بولىدىغان چىپار قۇرت ئېلىمىز بويىچە پەقەت ئاپتونوم رايونىمىزدىلا تارقىلىپ يۈرگەن زىيانداش بولۇپ، ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تارقىلىپ كىرگەن. بۇ خىل چىپار قۇرت يالغۇز ئۆرۈككە زىيان سېلىپلا قالماستىن، ئالما، شاپتۇل، تېرەك، سۆگەت، چىلان، جىگدە قاتارلىق دەرەخلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ. زىيان سېلىش دەرىجىسى ئايرىم جايلاردا 20—30 پىرسەنت، ئاپەت خاراكتېرلىك يىللاردا 50—60 پىرسەنتكە يېتىدۇ.

چىپار قۇرتنىڭ 2—3 ياشلىق لىچىنكىلىرى دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرى، چاك - تۆشۈكلىرى، شاخ ئاچما قىلىرىدا تور باغلاپ، تورنىڭ ئىچىدە قىشلايدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا ھەرىكەتلىنىپ، ئۆرۈكنىڭ بىخلىرىنى يەپ زىيان سېلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چېچەك ۋە يۇمران يوپۇرماقلىرىنى يەپ 4-، 5-ئايلاردا ئېغىر زىيان سالىدۇ. 4- ئاينىڭ ئاخىرىدا قورچاقلا ئايلىنىپ، 5-ئاينىڭ باشلىرىدا يېتىشكەن پەرۋانىغا ئۆزگىرىپ، 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇخۇم تۇغىدۇ. بىر چىشى پەرۋانە 200 دىن

ئارتۇق تۇخۇم چىقىرىپ تېز كۆپىيىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇخۇم لىچىنكىسىغا ئۆزگىرىپ ئىككىنچى قېتىم زىيان سېلىشقا باشلايدۇ، كەچ كۈزدە تورنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ قىشلاشقا كىرىشىدۇ.

يوقىتىش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش ئۇسۇلى: ① ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى كۆزىتىپ، تورنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان قۇرت بولسا، 2—3 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تاياقنىڭ ئۇچىغا كىرسىنغا چىلانغان ماز ياكى لاتىنى يۆگەپ ياكى رېزىنكىنى باغلاپ ئوت يېقىپ ئىچىدىكى قۇرتنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىش كېرەك. ② دەرەخ غولىنىڭ يەردىن بىر مېتر ئېگىزلىكتىكى قىسمىغا پاخال يۆگەپ قۇرتنى ئالداپ كىرگۈزۈپ، كەچ كۈزدە پاخالنى كۆيدۈرۈپ تور ئىچىدىكى قۇرتلارنى يوقىتىش كېرەك. ③ توك مەنبەسى بار جايلار مېۋىلىك باغقا يېشىل چىراغ بېكىتىپ پەرۋانىنى ئالداپ ئۆلتۈرۈش لازىم. ④ 90 پىرسەنتلىك دىپتىرىكس (دىبەيچۇڭ)نىڭ بىر جىڭىغا 1000 جىڭ ھېسابىدا سۇ قوشۇپ (ياكى ئىككى جىڭ سۇغا بىر گرام ھېسابىدا دىپتىرىكس ئارىلاشتۇرۇپ) ياپراق ئۈستىگە پۈركۈپ قۇرت زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ⑤ ۋالېكسون (شىن ليۇلىن) دورىسىنىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش لازىم. بۇخىل دورىنى ئىشلەتكەندە، ئۆرۈكنىڭ چېپار قۇرتىدىن باشقا، ئالما قۇرتى، نەشپۈت مېغىز قۇرتى، ئۆرۈك مېغىز ھەرىسى، شاپتۇل كۆك پىتى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

## 15. شاپتۇلنىڭ نوتا قۇرتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

شاپتۇلنىڭ نوتا قۇرتى شاپتۇلغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق دەرەخلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ. بۇ خىل قۇرتنىڭ شاپتۇلغا سالىدىغان زىيىنى ئېغىر بولۇپ، شاپتۇلنىڭ مېۋىسى ۋە نوتىسىنى تېشىپ كىرىپ زىيان سالغاندىن باشقا، يېلىم ئېقىتىش كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ خىل قۇرت يىلىغا تۆت قېتىم ئەۋلاد قالدۇرىدىغان بولۇپ، بىرىنچى ئەۋلادىنىڭ لىچىنكىلىرى 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نوتىنىڭ ئۇچىدىن تېشىپ كىرىپ، زەخىملەندۈرۈپ قۇرۇتۇپ قويىدۇ. ئىككىنچى ئەۋلادىنىڭ لىچىنكىلىرى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈنلەي شاپتۇلنىڭ مېۋىسىگە تېشىپ كىرىپ زىيان سالىدۇ. قۇرت تەشكەن جايىدىن يېلىم ئېقىپ چىقىدۇ. بەزى شاپتۇل سورتلىرىدا بولۇپمۇ، يارما شاپتۇلدا بۇ خىل ئەھۋال كەۋدىلىك بولىدۇ. ئۈچىنچى ئەۋلادىنىڭ لىچىنكىلىرى 8- ئاينىڭ باشلىرىدىن ئاخىرلىرىغىچە شاپتۇلنىڭ مېۋىسىگە زىيان يەتكۈزگەندىن سىرت، كۆزلۈك نوتىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. تۆتىنچى ئەۋلادىنىڭ ياش لىچىنكىلىرى 9- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ شاپتۇلنىڭ بىخلىرىغا تېشىپ كىرىپ قىشلايدۇ. ياندۇرقى

يىلى 3- ئايدا ھاۋا ئىللىغاندىن كېيىن، ھەرىكەتلىنىشكە باشلاپ، شاپتۇلنىڭ غۇنچە ۋە چېچەكلىرىگە زىيان سالىدۇ.

بۇ خىل زىيانداش ھاشاراتلار زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن، بىرىنچى ئەۋلاد لېچىنكىلار پەيدا بولۇشقا باشلىغاندا، يەنى، شاپتۇلنىڭ مېۋىسى چىگىتتەك چوڭايغاندا بىر قېتىم، 6- ئاينىڭ ئاخىرى 7- ئاينىڭ باشلىرىدا بىر قېتىم ۋە 8- ئاينىڭ باشلىرىدا بىر قېتىم جەمئىي ئىككى قېتىمدىن ئۈچ قېتىمغىچە 2.5 پىرسەنتلىك كۆكپۇنىڭ 1000—1200 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 2.5 پىرسەنتلىك دىساسىنىڭ 1000—1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 80 پىرسەنتلىك «د د ۋ »نىڭ 800 — 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ۋە ياكى 50 پىرسەنتلىك سومىتىئونىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىدىن بىرىنى تاللاپ چاچسا ئۈنۈمى بولىدۇ.

## 16. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچىكى ۋە غورىسى تۆكۈلۈپ كېتىش سەۋەبلىرى

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان چېچەك ۋە غورىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش ھادىسىسى ئومۇمیۈزلۈك مەۋجۇت. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ غورا بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن،

چوقۇم چېچەك ۋە غورىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىلا ئاندىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچىكى ۋە غورىسىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش سەۋەبلىرى:

1) چاڭلىنىش ياخشى بولمىسا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. چېچەك ۋە غورا تۆكۈلۈپ كەتكەن باغلاردا، بۇنىڭغا چاڭلاشتۇرىدىغان سورتلارنىڭ كەمچىل بولغانلىقى، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقى ياكى ھەسەل ھەرىسى ۋە باشقا ھاشارەتلارنىڭ چېچەك مەزگىلىدىكى ھەرىكىتىنىڭ كەمچىل بولغانلىقى سەۋەب بولىدۇ. چېچەك مەزگىلىدىكى كىلىمات ياخشى بولمىسا، يامغۇر، توپا يېغىش، كۆپ شامال چىقىش قاتارلىق ئامىللارمۇ چېچەك ۋە غورىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2) مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇقى يېتەرلىك بولمىغان ياكى ئۆسۈش بىلەن مېۋە بېرىش تەڭپۇڭلۇقى ياخشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا چېچەك ۋە غورا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. بۇلاردىن باشقا، پەرۋىش قىلىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، يەنى چېچەك مەزگىلىدە دورا چېچىش، چېچەك ۋە غورىنى شالاڭلاتماسلىق، مېۋىلىك دەرەخلەرنى يازلىق ۋە كۈزلۈك قايچىلاشقا ئېتىبار بەرمەسلىك قاتارلىقلاردىمۇ چېچەك ۋە غورىنىڭ تۆكۈلۈشى كېلىپ چىقىدۇ.

باغلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. چېچەك ۋە غورىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش سەۋەبلىرىمۇ

يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدەك كۆپ خىل بولىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەك ۋە غورىسى تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللانغاندىلا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۇپراق، ئوغۇت ۋە سۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۆلچەملىك پۇتاش، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەك ئەزالىرىنىڭ ئۆسۈشىنى نورماللاشتۇرۇش؛ يازلىق قايچىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چېچەك ۋە غورىنى شالاڭلىتىش؛ باغلاردا ھەسەل ھەرىسى بېقىش؛ سۇنئىي چاڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق چېچەكلەرنىڭ غورا تۇتۇش نىسبىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش، مېۋىلىك دەرەخلەر غورا تۇتقان ۋاقىتتا ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىپ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن غورا تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، تۇپراق تەركىبىدىكى ئېلېمېنتلار مىقدارىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## 17. مېۋىلىك دەرەخلەرنى ھاشاراتقا قارشى دورا چېچىشقا بىرلەشتۈرۈپ يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىن

نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈم، قوغۇن قاتارلىق مېۋە - چېۋىلەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلماقتا. بولۇپمۇ چەت ئەللەرگە كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىنماقتا. ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەمەلىي تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىدىن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان مېۋە - چېۋىلەرنىڭ سانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېكسپورت قىلىنغان مېۋە - چېۋىلەرنىڭ مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئېكسپورت قىلىشقا تېگىشلىك كۆپ قىسىم مېۋە - چېۋىلەرنىڭ سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمەي، ئۆز ئورنىدا ئىسراپ بولماقتا.

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ ئوزۇقلۇق ماددىلارنى فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق سۈمۈرۈۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئۆسۈش، مېۋىلەش مەزگىلىدىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارەتلارغا چېچىلىدىغان ئورگانىك فوسفورلۇق دېھقانچىلىق دورىلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ يىلتىز سىرتىدىن (يوپۇرماق يۈزىدىن) ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراقتىكى كەم ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ. چېچەكتىن كېيىنكى 2 - ، 3 - ، 4 - ۋە 5 - قېتىملىق زىيانداش ھاشارەتلارغا بۇ ئۇسۇلدا دورا چېچىشقا تەييارلانغان ئورگانىك فوسفورلۇق دورا سۇيۇقلۇقىنىڭ ھەر مىڭ جىڭىغا 46 پىرسەنتلىك ئورېئا قاتارلىق خىمىيىلىك ئوغۇتتىن ئۈچ جىڭ ئارىلاشتۇرۇپ تولۇق ئېرىگەندىن كېيىن چاچسا بولىدۇ.

يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاشنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرگە بولغان ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، مېۋىلەر يىگىلەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، شۇنداقلا تولۇق يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رەڭگىنىڭ كۆركەملىكىنى، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، پىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، بۇ ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاشنى دورا چېچىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغاندا، بىر قىسىم ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ۋاقىتنى تېجەپ قېلىش، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 18 . مېۋىلىك دەرەخلەردىكى زىيانداش ھاشارات — پوستلاقخور

پوستلاقخور قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، كۆرۈمچى ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ئاساسلىق مېۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالۇچا قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى نابۇت قىلىش خاراكتېرىدىكە ئىگە زىيانداش ھاشارات. ئومۇمەن ئۇ، قېرىپ قالغان، ئۆسۈش شارائىتى ناچار، پەرۋىشى ياخشى ئىشلەنمىگەن، ئۆسۈشى ئاجىز مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىگە زىيان سالىدۇ. پاكار مېۋىلىك دەرەخلەر بۇ خىل زىيانداش ھاشاراتنىڭ زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغاندا، بىر-ئىككى يىل ئىچىدىلا قۇرۇپ نابۇت بولىدۇ؛ تۆپى

ئېگىز، غولى يوغان، يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلغان مېۋىلىك دەرەخلەر بۇ خىل زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تەسىردىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، گەرچە زىيانغا ئۇچرىشى ئازراق بولسىمۇ، ئەمما شاخلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ كېتىپ، مەھسۇلاتى كۆپلەپ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

پوستلاقخورنىڭ زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغان ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىدىكى نەملىك ئايرىم - ئايرىم ھالدا 37.9 پىرسەنتتىن 44.2 پىرسەنتكىچە، 30 پىرسەنتتىن 31 پىرسەنتكىچە، 26 پىرسەنتتىن 28 پىرسەنتكىچە بولغان. لېكىن نەملىكى نورمال بولغان مېۋىلىك دەرەخلەرگە زىيان سېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىگەن، يېتىلگەن پوستلاقخور دەرەخ قوۋزىقىدا تۇخۇملاپ لىچىنكىغا ئايلىنىدۇ. بۇ لىچىنكىلار دەرەخ غولىنىڭ ئەۋرىشىملىك قىسمى بىلەن ياغاچلىق قىسمىنىڭ ئارىلىقىدا قورچاققا ئايلىنىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى:

1) قىش پەسلىدىن پايدىلىنىپ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ مەنبەسىنى يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭدا مېۋىلىك دەرەخلەرنى پۇتاشقا بىرلەشتۈرۈپ كېسەل تەككەن شاخلارنى كېسىپ ئېلىۋېتىش، قۇرۇپ كەتكەن تۈپلەرنى قومۇرۇپ چىقىرىۋېتىش لازىم ھەم بۇ شاخلارنى ۋاقتىدا كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى سۇغا چىلاش ئارقىلىق پوستلاقخورنى يوقىتىش لازىم. كېسىلگەن شاخلار سۇغا ئون كۈن چىلاپ قويۇلسا، لىچىنكىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يېتىدۇ. 2) مېۋىلىك دەرەخلەرنى ۋاقتىدا

قوشۇمچە ئوغۇتلاش، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش، سۇغىرىش، پۇتاش ۋە باشقا كېسەللىك زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پەرۋىشلىرى ئارقىلىق ئۆسۈشىنى ياخشىلاش لازىم. 3) دورىلاپ ئالدىنى ئېلىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

## 19. ئورمان ساقچىسى —— كاككۇك

كاككۇك كەچتە، بولۇپمۇ ئايدىڭ كېچىدە تاڭ ئاتقۇچە تىنماي سايرايدۇ. ئۇ باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدا تۇغىدۇ ۋە تۇخۇم باسىدۇ.

كاككۇك ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق قۇش بولۇپ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى يېيىشكە بەكلا خۇشتار. قارىغاي قۇرتىنىڭ پۈتۈن بەدىنى زەھەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قۇشلار ئۇنى يېمەيدۇ، بىراق كاككۇك ئۇنى تۇتۇپ يەيدۇ.

ئېنىقلىنىشىچە، كاككۇك سائىتىگە 100 دىن ئارتۇق قارىغاي قۇرتىنى يەيدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئورمانغا زىيان يەتكۈزىدىغان قارىغاي كېپىنىكى، قارىغاي ھەرىسى، قوڭغۇز قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىمۇ يەيدىكەن. كاككۇكنىڭ باچكىسىمۇ ئورمانغا زىيان يەتكۈزىدىغان جانىۋارلارنى يەپ جان باقىدىكەن. ئوپېراتسىيە قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كاككۇكنىڭ بىر باچكىسى ھەر كۈنى 18 كىچىك كەسلەنچۈك، 39 چېكەتكە، ئۈچ كېپىنەك، 43 چىۋىن، بەش مايلىق قۇرت، تۆت ئۆمۈچۈك، 50 بۆرگە يەيدىكەن.

## 20. ياغاچ ساقلاشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى

1) شامالدىتىپ ساقلاش ئۇسۇلى: ياغاچ سېتىۋالغاندىن كېيىن سالقىنراق لاپاس ياكى ئۆي ئىچىگە دۆۋىلەپ، ئاستىغا تەگلىك قويۇپ، يەر يۈزىدىن 20 سانتىمېتىرچە ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ ساقلاش كېرەك.

ياغاچ قويۇلغان جاي قۇرغاق، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇشى، ھەرخىل ئوت-چۆپ ۋە قالايمىقان نەرسىلەر بولماسلىقى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ياغاچ تەركىبىدىكى سۇ مىقدارى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، قۇرت چۈشمەيدۇ ۋە چىرىپ كەتمەيدۇ.

2) سۇغا چىلاپ ساقلاش ئۇسۇلى: ياغاچ رەتلىك ھالدا ئېرىق-ئۆستەڭ ياكى كۆلگە تىزىپ قويۇلىدۇ. بىر يىلنىڭ ھەرقانداق پەسلىدە چىلاشقا بولىدۇ. ياغاچنىڭ ھەممە قىسمىنى چىلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. سۇغا چىلاپ ساقلىغاندا، ياغاچنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. قۇرت چۈشمەيدۇ ھەم چىرىپ كەتمەيدۇ.

ياغاچ ئازراق بولسا، شامالدىتىپ ساقلاش، كۆپرەك بولسا، سۇغا چىلاپ ساقلاش لازىم.

## 21. سامساقنىڭ مالدوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىشى

سامساق گۈلسامساق ئائىلىسى، پىياز ئۇرۇقدىشىغا كىرىدىغان تەڭسىمان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ،

دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە كەڭ تارقالغان. كىشىلەر ئۇزاق
مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا، سامساقنى خام پېتى
ئىستېمال قىلغاندا، ھەزىم قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىشتىھانى
ئاچىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يۇقۇملۇق كېسەل-
لىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالىغىلى بولىدىغانلى-
قىنى بايقىغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر سامساق ئۈس-
تىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، چارۋا مال ۋە
ئۆي قۇشلىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە
داۋالاشتا ئۈنۈمى تېز ۋە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.
شۇنىڭ بىلەن، سامساق ئائىلىلەردە تەم تەڭشىگۈچى كۆك-
تات قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىپلا قالماستىن، ئادەم، چار-
ۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ۋە داۋالاشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىرخىل
دورا بولۇپ قالدى.

سامساق تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت، كاروتىن،
ۋىتامىن C ۋە يود، سېلىن قاتارلىق ماددىلار مول بو-
لۇپ، چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدىكى ۋىتامىن A،
ۋىتامىن C قاتارلىق ماددىلارنىڭ يېتىشمەسلىك كېسەل-
لىكىنى داۋالايدۇ ۋە ئالدىنى ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا،
سامساق تەركىبىدە يەنە، ئاللىين ماددىسى بىرقەدەر كۆپ
بولۇپ، ھەرخىل شارچە، تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى ۋە
تېرە زامبۇرۇغلىرىنى تىزگىنلەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە
ئىگە. شۇڭلاشقا سامساقنى ئېزىپ چارۋا ماللارغا ئىچۈرسە
تال، ئاشقازان، ئۆپكە قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىنى

ياخشىلايدۇ ھەم زەھەر قايتۇرىدۇ. ئەگەر سامساق بەدەن سىرتىدىن سۈرۈپ ئىشلىتىلسە، ئىسسىق قايتۇرىدۇ ۋە تىنچلاندۇرىدۇ. سامساق چارۋا ماللارنىڭ ئۈچەي ياللۇغى، چۈجىلەرنىڭ ئاق چىچقاق كېسىلى، توخۇ ۋاباسى قاتار-لىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە داۋالايدۇ. شۇنىڭ-دەك توخۇلارنىڭ كۆكسىدىئوز، ئاسكارىدا كېسىلىنى داۋالاشتا بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئىگە. مالدوختۇرلۇق كېلىنىكىسىدا سامساق ۋە سامساق قوشۇپ تەييارلانغان دورىلار ئاشقازان، ئۈچەي، ئىچ سۈرۈش، ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىق، چوڭ قېرىدىن تىقىلىپ قېلىش، قورساق كۆپۈش، زۇكام ۋە ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ.

سامساق ئىسسىققا چىدامسىز بولۇپ، ئادەتتىكى ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسىدا ناھايىتى ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، سامساقتىن تەييارلىنىدىغان دورىلارنى ئېھتى-ياجغا قاراپ ئۇدۇللۇق تەييارلاش كېرەك. چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدىكى كېسەللىكلەرنى سامساق ئارقىلىق داۋالاشتا تۆۋەندىكىدەك رېتسېپلارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1) 20 گرام سامساقنى ئاقلاپ يۇمشاق ئېزىپ، 100 مىللىلېتر ئىسپىرتقا بىر-ئىككى كۈن چىلاپ قويۇپ، ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا تۆت ھەسسە سۇ قوشۇپ، چۈجىلەرنىڭ ئېغىزىغا ھەر قېتىمدا ئۈچ تېمىمدىن بەش تېمىمغىچە، ئۇدا بەش قېتىم تېمىتىسا ياكى 20 گرام سامساقنى ئاقلاپ ئەزگەندىن كېيىن 20 ھەسسە سۇ قوشۇپ، بىر چۈجىگە بىر قېتىمدا بىر-ئىككى تېمىمدىن، كۈنىگە

ئۈچ قېتىم ئىچۈرسە، چۈجىلەرنىڭ ئاق چىچقاق كېسىلىنى داۋالىغىلى ھەم ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2) بىر - ئىككى چىش سامساقنى ئېزىپ، شياۋمۇيەن بىلەن قوشۇپ كۈندە ئىككى قېتىم ئىچۈرسە، توخۇلارنىڭ پوكان يۇمشاپ كېتىش كېسىلىنى داۋالايدۇ.

3) بىر باش سامساقنى ئېزىپ، 400 گرامدىن 500 گرامغىچە يەمگە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر بىر چۈجىگە ئىككى گرامدىن ئون گرامغىچە، ئۇدا ئۈچ كۈندىن ئون كۈنگىچە يېگۈزسە ياكى بىرچىش سامساقنى ئېزىپ سۇ مېيىغا مىلەپ يېگۈزسە، توخۇ ۋاباسىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

4) بەش گرام سامساقنى ئېزىپ كۈندە ئۈچ قېتىم ئىچۈرسە، توشقانلاردىكى ئاشقازان ياللۇغى ۋە ئۈچەي ياللۇغىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

5) 200 مىللىلىتردىن 300 مىللىلىترغىچە سامساق ئوكۇلىغا 500 مىللىلىتر فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۈيىنى قوشۇپ سۇيۇلدۇرۇپ، كالىلارنىڭ ۋېنا قان تومۇرىغا ئوكۇل قىلسا، ئاشقازان، ئۈچەي ياللۇغىنى داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بولىدۇ.

6) ھەر بەش توخۇغا بىر قېتىمدا ئىككى باش سۆسۈن پوستلۇق سامساقنى چاناپ كۈنىگە ئىككى قېتىمدىن ئۇدا بەش كۈن بەرسە، توخۇ خولېراسىنى داۋالىغىلى ۋە ئۈنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

7) ئېزىلگەن سامساقتىن بىر ئۇلۇشكە توققۇز ئۈلۈش سۇ قوشۇپ بىر كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن توشقان-

نىڭ بۇرنىنى يۇيۇپ بەرسە، زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە بەلگىلىك داۋالاش ئۈنۈمى بولىدۇ.

8) 200 گرام سامساقنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى 25 گرام گۈڭگۈرت، 50 گرام چىگىت مېيىغا قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ، قوتۇر كېسەلگە گىرىپتار بولغان كالا، قويلارنىڭ بەدىنىدىكى جايلىق ئورۇنغا كۈنىگە ئىككى قېتىمدىن ئۇدا ئۈچ كۈن سۈركەپ بەرسە، قوتۇر كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ (ئالدى بىلەن جايلىق ئورۇننى پاكىز يۇيۇپ تازىلاش كېرەك).

9) 60 گرام سامساقنى ئېزىپ، 200 گرام قارا شېكەر ۋە 50 مىللىلىتر ئاچچىقسۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا يەتتە قېتىم ئىچۈرسە، كالا، ئاتلاردا بولىدىغان قورساق ئاغرىش، يىرىڭلىق قان ئارىلاش ئىچى سۈرۈش كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

10) ئۆي قۇشلىرى ھەم توشقانلارغا داۋاملىق سامساق بىلەن جۇسەينى يېگۈزۈپ تۇرسا، كۆكسىدىئوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

11) توخۇ ۋە چۈجىلەرگە داۋاملىق مۇۋاپىق مىقداردا سامساق سۈيى ئىچۈرۈپ تۇرسا، بەدەن ئېغىرلىقىنى ئاشۇرغىلى ۋە كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

12) ئالتە گرام سامساقنى ئېزىپ، 15 مىللىلىتردىن 30 مىللىلىترغىچە ئاچچىقسۇغا ئارىلاشتۇرۇپ توشقانلارغا ئىچۈرسە، قورساق كۆپۈش كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

13) سامساقنى ئېزىپ قايناق سۇغا تۆت سائەت

چىلاپ، سۈزۈپ ئېلىپ مىكروبسىزلاندۇرۇپ، 20 پىرسەنتتىن 40 پىرسەنتلىككىچە ئېرىتمە تەييارلاپ، كالىلارنىڭ بويۇن مۇسكۇلىغا ھەر قېتىمدا 50—60 مىللىلىتىردىن كۈندە ئىككى قېتىم، ئۇدا يەتتە كۈن ئوكۇل قىلسا، قاتما كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

14) بەش چىش سامساقنى ئېزىپ ھەلھەم قىلىپ، 90 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئاق ھاراق ۋە 90 گرامدىن 100 گرامغىچە ئاش تۇزىنى قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرسە، قوي، ئاتلارنىڭ قورسىقىغا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

15) 50 پىرسەنتلىك سامساق تىنىكتۇرىسىدىن 200—300 مىللىلىتىرچە ئېلىپ، ئۇنىڭغا 1000 مىللىلىتىر سۇ قوشۇپ، كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچۈرسە، كالىلارنىڭ چوڭ قېرىنى كۆپۈش كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

## 22. قىش پەسلىدە كالىلاردا قات قېرىن قۇرۇش كېسەلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى

قات قېرىن قۇرۇش كېسىلى — قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە كالىلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر خىل كېسەللىك. قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە كالىلار قۇرۇق ئوت - چۆپ ۋە بىرىكمە يەم - خەشەكلەر بىلەن كۆپ بېقىلسا ياكى ئىچىدىغان سۈيى ئاز بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىكمە يەم - خەشەك تەركىبىدە قۇم، توپا قاتارلىق ئارىلاشما ماددىلار كۆپ بولسا، كالىلارنىڭ ئالدىنقى قېرىنى-

نىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى تۇسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ ۋە قات قېرىنىنىڭ قىسقىراش ھەرىكىتى ئاجىزلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاشقازانغا كىرگەن ئوزۇقلۇقلار ھەقىقىي قېرىنىغا يېتىپ بارالماي، قات قېرىنىدىكى سۇمۇرۇلۇپ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كالىلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ ۋە ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ. قات قېرىنى كېسەللىگە گىرىپتار بولغان كالىلاردا تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ:

1) قات قېرىنى كېسەللىگە گىرىپتار بولغان كالىلار كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (يەنى بىر ــ ئىككى كۈن ئىچىدە) ئاز تېزەكلەيدۇ ھەم تېزىكى قاتتىق بولىدۇ. تېزەكلەرنىڭ رەڭگى قارامتۇل بولىدۇ، تېزەكلەرنىڭ يۈزىدە نېپىز بىر قەۋەت شىلىمشىق پەردە بولىدۇ.

2) كېسەللىكنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە، يەنى ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە ۋاقىت ئىچىدە كالا تېزەكلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ. كۆششى ئازىيىپ، ئورۇقلاپ كېتىدۇ، بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرى قۇرۇيدۇ.

3) كېسەلنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنى سەككىز كۈندىن ئون كۈنگىچە ۋاقىت ئىچىدە كالىلارنىڭ تەن تېمپېراتۇرىسى 40·5 گرادۇستىن 41 گرادۇسقا كۆتۈرۈلۈپ، نەپەسلىنىشى قىيىنلىشىدۇ. يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ، روھىي ھالىتى تۆۋەنلەيدۇ. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان موزايلارنىڭ بۇرۇن مۇسكۇلى قېتىپ قالىدۇ. تۇمشۇقىنى يەرگە سۈركەپ ياتىدۇ. چوڭ كالىلاردا بەل كەينى، ئارقا ئىككى پۇتى، يانپاش مۇسكۇلى تىترەيدۇ،

ئېغىزىدىن سۇ ئاقىدۇ، ئاخىرىدا ئۆز - ئۆزىدىن زەھەرلـە-
نىپ، يۈرەك سوقۇشى ئاجىزلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش: قات قېرىن قۇرۇش كېسىلىگە گىرىپتار
بولغان كالىلارنى دەسلەپكى مەزگىلدە بىر - ئىككى كۈن
ئاچ قويغاندىن كېيىن، يۇمشاق يەم - خەشەك
ياكى كۆك ئوت - چۆپلەرنى ئاز - ئازدىن بېرىش لازىم.
بۇنىڭدىن باشقا، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدىغان سۈركە
دورىلىرىنى يەم - خەشەككە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.
كېسەلى ئېغىر كالىلارغا ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا، ئۇن
پىرسەنتلىك ناترىي خلور ئېرىتمىسى ۋە ئۇن پىرسەنتلىك
گلۇكوزىدىغا ۋىتامىن $C$ نى ئارىلاشتۇرۇپ، ۋېنا قان تومۇ-
رىدىن بىر قېتىم ئوكۇل قىلىش، ئاندىن ھەر كۈنى ئۈچ
قېتىم ياپىاش مۇسكۇلىغا پېنىتسىللىننى ئوكۇل قىلىپ
بېرىش كېرەك. تېزىكى بەك قېتىپ كەتكەن بولسا، تېزەك
چىقىرىش يولىغا سوپۇن سۈركەپ بېرىش لازىم. بۇ كېسەل-
نىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە كالىلارغا
كۆك ئوت - چۆپلەر بىلەن شىرنىلىق يەم - خەشەكلەرنى
ئارىلاشتۇرۇپ كۆپرەك بېرىش، توپان، سامانلارنى ئازراق
تاسقاپ، پاكىز تازىلاپ بېرىش، كالىلارنى ھەر كۈنى
قەرەللىك سۇغىرىپ تۇرۇش كېرەك.

## 23. چارۋا ماللارغا سىلوس بەرگەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

سىلوسنىڭ ئۇزاققىچە بۇزۇلماي ساقلىنىپ تۇرۇشـ

دىكى سەۋەب ئۇنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا كىسلاتا ماددىسى بولغانلىقىدا، بۇ كىسلاتا ماددىسى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى چەكلىيەلەيدۇ. لېكىن بۇ خىل چەكلەش ھاۋا كىرمەسلىك شەرتى ئاستىدا بولىدۇ، بىراق سىلوس ئورىسىنى ئاچقاندا، سىلوسنىڭ ئۈستى قاتلىمىغا ھاۋا كىرىپ كەتسە، مىكروئورگانىزملار سىلوسنىڭ ئۈستىدىكى قاتلامدا تېز كۆپىيىپ، سىلوسنى بۇزىدۇ. شۇڭا سىلوس ئورىسىنى ئېچىپ، سىلوسنى چارۋا ماللارغا بېرىشكە باشلىغاندا، كۈندىلىك ئالغان سىلوسنى شۇ كۈنى بېرىپ تۈگىتىش كېرەك؛ چارۋا ماللار يەپ بولالمىغان سىلوسلارنى تاشلىۋېتىش لازىم، ئۇنى يەنە بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى سىلوس ھاۋا بىلەن ئۇچراشسا ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنى چارۋا ماللارغا بەرسە، چارۋا ماللارنى كېسەللىككە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ.

قىش پەسلىدە توڭلاپ قالغان سىلوسنى ئېرىتىپ بېرىش لازىم. ئېرىتىپ بەرمىسە، چارۋا ماللارنىڭ ئىچىنى سۈرۈۋېتىدۇ. بولۇپمۇ بۇزۇلۇپ رەڭگى ئۆزگەرگەن سىلوسلارنى چارۋا ماللارغا بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. سىلوس يەپ باقمىغان چارۋا ماللارغا سىلوس بەرگەندە دەسلەپ بەك ئاز بېرىش، شۇندىلا ئۈستىگە كېيىپ بېرىش لازىم؛ چارۋا ماللار سىلوسنى يېيىشكە ئادەتلەنگەندىن كېيىن، مىقدارىنى تىزگىنلەش لازىم. ياخشى تەييارلانغان سىلوسنى سېغىن كالىلارغا ھەركۈنى 15 كىلوگرامدىن 25 كىلوگرامغىچە، بوردايدىغان كالىلارغا 10 كىلوگرامدىن 20 كىلوگرامغىچە، ئىشلىتىلى-

ۋاتقان كالىلارغا 10 كىلوگرامدىن 15 كىلوگرامغىچە، ئاتقا تۆت كىلوگرامدىن 12 كىلوگرامغىچە، قويغا بىر كىلوگرامدىن ئىككى كىلوگرامغىچە بەرسە بولىدۇ. كۆك-تات يوپۇرمىقى ياكى پۇرچاقلىق يۇمران ئۆسۈملۈكلەر-دىن تەييارلانغان سىلوسنى 100 توخۇغا ھەركۈنى بەش كىلوگرامدىن سەككىز كىلوگرامغىچە بەرسە بولىدۇ. سىلوسنى شاخار سۈيىدە يۇيۇپ، كىسلاتالىق دەرىجىسى-نى تۆۋەنلىتىپ كۆپرەك بەرسىمۇ بولىدۇ.

## 24. بايتال ۋە ئىشەكلەر بوز قىراۋ چۈشكەن ئوت-چۆپلەرنى يېسە بالا تاشلىۋېتىدۇ

كۆز ئوت - چۆپلەر مول، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقى-رى بولىدىغان مەزگىل بولۇپ، چارۋا ماللارنى سەمرى-تىپ، قىش ۋە ئەتىيازدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشتىكى مۇھىم ئۆتكەل. لېكىن، بۇ مەزگىلدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ پەيدىنپەي تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، سەھەر، ئاخشامدا بوز قىراۋ ۋە شەبنەم چۈشۈپ توڭلاشقا باشلايدۇ. قۇياش-نىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەگەر بوز قىراۋ، شەبنەم ئېرىپ ئوت - چۆپ، بىدە قاتارلىقلاردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن چاغدا، بوغاز بايتال، بوغاز ئىشەكلەر يەپ قويسا، بالا تاشلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، بوز قىراۋ، شەبنەم چۈش-كەن ئوت - چۆپلەر بايتال، ئىشەكلەرنىڭ قارنىغا كىر-گەندىن كېيىن، تۆرەلمىگە ئاسانلا سوغۇق ئۆتۈپ كېتى-

دۇ - دە، تۆرەلمىنى نابۇت قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل ئوت - چۆپلەر ئۇچەي يوللىرى ۋە ئاشقازاننى تىترىتىپ، نېرۋىنى غىدىقلاپ، ئاشقازان، ئۇچەي سانجىقى كېسەللىكىنى پەيدا قىلىپ، تۆرەلمىنى جايىدىن قوزغىتىۋېتىدۇ - دە، بالا تاشلاش يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم بوغاز ئېشەكلەرنى شەبنەم چۈشكەن ئوت - چۆپتە بېقىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مۇبادا، بۇ خىل ئوت - چۆپ بىلەن بېقىلىپ قېلىپ ئۇچەي، ئاشقازان سانجىقى، نېرۋا ئاغرىقى، ئىچى سۈرۈش ئالامەتلىرى يۈز بېرىپ قالسا، دەرھال چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ، بالا تاشلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## 25. شاپتۇل، ئۆرۈك يوپۇرمىقىدىن زەھەرلەنگەن قوينى داۋالاش

شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى بىلەن يۇمران شېخى تەركىبىدە كۆپلىگەن ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى گلۇكوزىدى بولۇپ، ئۇ ھايۋان تېنىدە سىيانىدرىك كىسلاتاسىغا پارچىلىنىپ، قاندىكى فېرمېنتنىڭ ھۈجەيرىگە بولغان رولىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ھەمدە تەن ھۈجەيرىسى بىلەن مېگە ھۈجەيرىسىدىكى ئوكسىگېننى كېمەيتىۋېتىدۇ. ئۇنى يەۋالغان قوينىڭ يېنىك زەھەرلەنگەنلىرى نەپەسى قىيىنلىشىپ دەلدەڭشىپ ماڭىدۇ. ئېغىر زەھەرلەنگەنلىرى مۇسكۇللىرى سىيازىمىلىشىپ،

پۈتۈن بەدىنى تارتىشىپ، كۆز پەردىسى قىزىرىپ، كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ كېتىدۇ، ئايرىم قويلارنىڭ ئۈچەيلىرى كۆپىدۇ.

داۋالاش: (1) 1—1.2 گرام ناترىي تىئوسولفاتتىن 20—25 مىللىلىترنى بەش پىرسەنتلىك گلۇكوزا سۇيۇقلۇقىدا ئېرىتىپ، كۆك قان تومۇرىغا بىر قېتىم ئوكۇل قىلىنسا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدۇ. (2) 0.01—0.05 پىرسەنتلىك مارگانسوپ سۇيۇقلۇقىدىن 500—1000 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ. (3) 1.5 گرام ۋىتامىن $C_1$ دىن 10—20 مىللىلىترنى 5—10 پىرسەنتلىك گلۇكوزا ئېرىتمىسىدە ئېرىتىپ، كۆك قان تومۇرىغا بىر قېتىم ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى دىستىرلەنگەن سۇدا ئېرىتىپ، مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. قوينى قىراۋ چۈشكەن شاپتۇل، ئۆرۈكنىڭ يومران يوپۇرماقلىرى بىلەن باقماسلىق كېرەك.

## 26. پەمدۇر پەرۋىشىدىكى تېخنىكىلىق تەدبىرلەر

پەمدۇر مايسىلىرىنى كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بالدۇر ۋە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن پەرۋىشنى كۈچەيتىش، يەنى ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىش، تەكشى ئوغۇتلاش، ۋاقتىدا سۇغىرىش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ بالدۇر ئالدىنى ئېلىش، توپلەرنى رەتلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، پەمدۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

1. كولتىۋاتسىيە قىلىش: پەمدۇر مايسىلىرى كۆچۈ-

رۇلۇپ بولغاندىن كېيىن،ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىنسا، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ئاشۇرغىلى ھەم يىلتىز ئەتراپىدىكى تۇپراقنى بوشىتىپ، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلىغىلى، يىلتىزىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق كولتىۋاتسىيە پەمىدۇر مايسىلىرى كۆچۈرۈلۈپ ھەم سۇغىرىلىپ، يەر تاۋلانغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە كولتىۋاتسىيە قىلىش چوڭقۇرلۇقى بەش سانتىمېتىردىن سەككىز سانتىمېتىرغىچە بولسا بولىدۇ. 25 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم كولتىۋاتسىيە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، پەمىدۇر ئېتىزىدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، توپا يۆلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، پەمىدۇرنىڭ يان يىلتىزى ۋە تۇراقسىز يىلتىزلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

2. ئوغۇتلاش: پەمىدۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى ئۇزاق، مېۋىلىشى كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ مىقداردا ئوغۇت تەلەپ قىلىدۇ. پەمىدۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆت قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. بىرىنچى قېتىملىق قوشۇمچە ئوغۇت پەمىدۇر مايسىلىرى كۆچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بېرىلىدۇ. ھەر موغا 500 كىلوگرامدىن 1000 كىلوگرامغىچە گەندە ياكى ئون كىلوگرامدىن 12 كىلوگرامغىچە ئوردىئا (سۇ بىلەن 100 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ يىلتىزىغا بېرىلىدۇ) بېرىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق قوشۇمچە ئوغۇت مېۋىلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق

قوشۇمچە ئوغۇت كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىدە بېرىلىدۇ. يەنى ئازوت، فوسفور، كالىيلار 1:1:2 نىسبىتى بويىچە بېرىلىدۇ. تۆتىنچى قېتىملىق قوشۇمچە ئوغۇت 5 - باشاق گۈلى مېۋىلىگەندىن كېيىن بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، تۆپىلەر بالدۇر قېرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى مەھسۇلاتىنى كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. لېكىن ئوغۇت مىقدارى ھەرگىز كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، بۇنىڭدا «كۆك پېتى تۇرۇۋېلىش»نىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا يوپۇرماق ئۈستىدىن ئوغۇتلاشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش لازىم. قويۇقلۇقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.2—0.3 پىرسەنتلىك كالىي دىگىدرو فوسفات، 0.2—0.3 پىرسەنتلىك ئۈرىيا، 0.3—0.5 پىرسەنتلىك كالىي خلورىدلارنى پۈركۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. سۇغىرىش: پەمىدۇرنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدا سۇغا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. پەمىدۇر مايسىلىرى كۆچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ياخشى سۇغىرىش لازىم. مايسا بىكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۇنجى سۈيىنىڭ ۋاقتىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. ئەگەر بالدۇر سۇغىرىۋېتىلسە، ۋېگىتاتىپلىق ئۆسۈشى كۈچىيىپ، كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ ئۆسۈشى تورموزلىنىپ قالىدۇ. كېچىكىپ سۇغىرىلسا، مېۋىلىرىنىڭ يوغىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ. ئادەتتە مايسا سۈيى سۇغىرىلىپ 15 كۈندىن 25 كۈنگىچە ئۆتكەندىن كېيىن، قالغان

ۋاقىتتا ھەر بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى مەزگىللەردە ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم.

4. شاخ رەتلەش: بۇ، پەمىدۇرنىڭ تۈرى، زىچلىقى ۋە ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. چەكلىك ئۆسۈش تىپى، چوڭ مېۋىلىك تىپى ۋە زىچلىقى يۇقىرى تۆپلەرگە قارىتا، يەككە غوللۇق شاخ رەتلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئاساسىي غوللار قالدۇرۇلۇپ، يان شاخلارنىڭ ھەممىسى كېسىۋېتىلىدۇ. ئۇچى بالدۇر ئۈزۈۋېتىلىدىغان سورتلارغا قارىتا، بىرىنچى باشاق گۈلىنىڭ ئاستىدا بىر - ئىككى يان شاخ قالدۇرۇلىدۇ. ئەركىن ئۆستۈرۈلىدىغان كىچىك مېۋىلىك سورتلار ۋە شالاڭ ئۆسكەن پەمىدۇرلارغا قارىتا، كۆپىنچە جۈپ غوللۇق شاخ رەتلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يەنى بىرىنچى مېۋىلىك شاخ ئاستىدىكى يان شاخلار ساقلاپ قېلىنىپ، ئارتۇقچە يان شاخلارنىڭ ھەممىسى كېسىۋېتىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، جۈپ ئاساسىي غول شەكىللىنىدۇ. شاخ رەتلەش ھاۋا تۇتۇق، يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ئېلىپ بېرىلماسلىقى، تېرەك قويۇش بەك بالدۇر بولماسلىقى ياكى بەك كېچىكتۈرۈلمەسلىكى كېرەك. يان شاخلار ئۆسۈپ ئۇزۇنلۇقى تۆت سانتىمېتىردىن بەش سانتىمېتىرغىچە بولغاندا تېرەك قويۇش لازىم.

## 27. دادۇرنىڭ ئۈچىنى قايسى ۋاقىتتا ئۈزگەن ياخشى؟

دادۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ئۈچىنى ئۈزۈش — دادۇر مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنىڭ بىرى. لېكىن ئۈچىنى ئۈزۈش ۋاقتى مۇۋاپىق تاللىنىشى لازىم.

ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى تەجرىبە ئارقىلىق، دادۇرنىڭ چېچەكلىشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىل ئۈچىنى ئۈزۈشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. چۈنكى دادۇرنىڭ ئۈچىسى ئۈزگەندىن كېيىن، يوپۇرماق فوتوسىنتېز رولىنىڭ ئۈنۈمى ھەم ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماددىلارنىڭ توپلىنىشى ۋە ئايلىنىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي دان سانى ۋە يەككە دان ئېغىرلىقىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئەگەر دادۇرنىڭ ئۈچى بەك بالدۇر ئۈزۈلسە، ۋېگېتاتىپلىق ئۆسۈشى مۇئەييەن تەلەپكە يەتمەيدۇ. غولى ۋە يوپۇرماقلىرى يېتەرلىك ئۆسەلمىگەچكە، ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ئورگانلىرى يېتىلمەي، فوتوسىنتېز رولىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، چېچەكلەش، چوكىلاش مەزگىلىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارغا بولغان تەلىپى تولۇق قاندۇرۇلماي، مەھسۇلاتى كېمىيىپ كېتىدۇ. ئۈچىنى ئۈزۈش بەك كېچىكىپ كەتسە، ئۈنۈمسىز يوپۇرماق ۋە بوغۇملار ئۆز ۋاقتىدا تىزگىنلەنمەيدۇ ھەمدە چېچەكلەش، چوكىلاش مەزگىلىدە يەنە يېڭىدىن

يوپۇرماق ۋە بوغۇملار شەكىللىنىپ، ئۆسۈملۈك تىپىدىكى
ئوزۇقلارنىڭ خوردىشى كۆپ بولىدۇ. ئېتىزدا كۈن نۇرى
ۋە شامالنىڭ ئۆتۈشىشىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ، نەتىجىدە،
ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلارغا ئاسانلا كې-
سەل تېگىپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماددا ئۆز-
لەشتۈرگۈچى ئورگانىزملار ئازىيىپ كېتىپ، فوتوسىنتېز
ماددىلىرىنىڭ توپلىنىشىغا تەسىر يېتىپ، تۇتقان دېنى
توق بولمايدۇ، مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ.
دادۇرنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى — تۈپلەرنىڭ ۋېگېتاتىپ-
لىق ئۆسۈشى ۋە جىنسلىق ئۆسۈشى تازا يۇقىرى پەللى-
گە كۆتۈرۈلگەن مەزگىل. بۇ مەزگىلدە ئۇچىنى ئۈزسە،
يېڭى يوپۇرماقلارنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى ۋە يېڭى بوغۇملار-
نىڭ شەكىللىنىشىنى تىزگىنلەپ، ئەسلىدە بار يوپۇرماق-
لىرىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، ئەڭ يۇقىرى فوتوسىنتېز
ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرگىلى، تۈپلەردىكى كۆپ قىسىم
ئوزۇقلۇقنى چېچەكلەش، چاڭلىنىش ۋە چوكىلاش جەريا-
نىدىكى ئېھتىياجىنى قامداشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، قاسراق-
لىق مېۋىسىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، چوكىلاش
نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، يەككە دان ئېغىرلىقىنى يۇقىرى
كۆتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇچىنى ئۈزگەندە، دادۇر-
نىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 10 پىرسەنتتىن 15 پىرسەنتكى-
چە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## 28. قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭ كاۋا چۈشۈرگىلى بولىدۇ؟

1. بىخلاندۇرۇش: بۇغداي چىقىغى ياكى پاخالدا كىچىك سېۋەت توقۇپ، سېۋەتكە توپا توشقۇزۇپ، 2 - ئاينىڭ ئاخىرى، 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ھەر بىر سېۋەتتىكى توپىغا بىر نەچچە تالدىن ئۇرۇقنى سېلىپ، ئۆينىڭ ئىسسىقراق يېرىدە قويۇپ بىخلاندۇرۇش كېرەك.

2. كۆچۈرۈپ تىكىش: ئۇرۇق بىخلىنىپ 3 — 4 قۇلاق بولغاندا كۆچۈرۈپ تىكىشكە بولىدۇ. تىككەندە ئالدى بىلەن ئورەكنى ياخشى كولاپ، ئورەككە مۇۋاپىق مىقداردا تەكشى ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇتنى سېلىپ، كىچىك سېۋەتنى ئورەككە قويۇپ توپا يۆلەپ سۇغىرىش كېرەك.

3. پەرۋىش قىلىش: پەرۋىش قىلىش مەزگىلىدە پېلەكلەرنى پۇتىۋەتمەسلىك لازىم. كاۋا پېلەكلىرى خەمەكلىگەندە، خەمەكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، خەمەكتىن 16 — 17 سانتىمېتىر يىراقلىقتىكى شاخنىڭ ئۇچىنى پۇتىۋېتىش بىلەن بىرچاغدا، مۇۋاپىق ھالدا سۈيدۈك بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. قىراۋ چۈشمەستىن بۇرۇن پىشىپ يېتىلمىگەن پېلەكنىڭ تۈۋىنى كەكە بىلەن تۆتكە بۆلۈپ (ئۈزۈۋەتمەسلىك لازىم) نەملىكنى كونترول قىلىپ، كۈزلۈك خەمەكلەرنىڭ بالدۇر پىشىپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئۇسۇلنىڭ ئۈچ تەرەپتىن پايدىسى بار-

(1) كۆچۈرۈپ تىككەندە يىلتىزى زەخىملەنمەيدۇ. يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، مايسىلار سولىشىپ قالمايدۇ.

(2) سىڭۋەت توپا ئىچىدە چىرىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددىسى كۆپىيىپ، مايسىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

(3) يۇمران مايسىلار ئۆسۈش، يىلتىز تارتىش مەزگىلىدە ئوغۇت بىلەن يىلتىزنى سىڭۋەت ئايرىپ تۇرغاچقا، يىلتىز زەخىملەنمەيدۇ.

## 29. كۆزلۈك كۆكتاتلاردىكى كۆك پىتنى يوقىتىش

ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆكتاتلارغا چۈشىدىغان كۆك پىت بەسەي كۆك پىتى، كاللەكبەسەي كۆك پىتى بولۇپ، ئاساسەن كاللەكبەسەي، بەسەي، تۇرۇپ، قىچا قاتارلىقلارغا ئېغىر زىيان سالىدۇ.

1) بەسەي كۆكپىتىنىڭ تاشقى تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى: بەسەي كۆكپىتىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى $2mm$ كېلىدۇ. قاناتسىز چىشى كۆك پىت سارغۇچ يېشىل رەڭلىك بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىنى قېلىن مومluq پاراشوك قاپلاپ تۇرىدۇ. قاناتلىق كۆك پىتنىڭ بېشى، سەزگۈ بۇرۇتى، كۆكرىكى ۋە پۇتى، قورساق نەيچىسى قارا رەڭدە، تۇخۇمى سوقىچاق، رەڭگى قارا بولىدۇ.

2) زىيان سېلىش ئەھۋالى: بەسەي كۆك پىتى كۆكتات يوپۇرمىقىنىڭ ئاستى يۈزىدە ۋە يۇمران غولى ئەتراپىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. شورىغۇچى ئېغىزىنى كۆكتاتلارنىڭ

توقۇلمىسىغا سانجىپ كىرگۈزۈپ، كۆكتاتلاردىكى
ئوزۇقلۇق ماددىلارنى (شىرنىسىنى) شوراپ زىيان سالىدۇ.
ئۇزاق ئۆتمەي زەخىملەنگەن يوپۇرماق قورۇلۇپ، يېشىل-
لىق ماددىسى يوقىلىپ قىزغۇچ، سېرىق، سارغۇچ رەڭگە
ئۆزگىرىدۇ. ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان كاللەكبەسەي ۋە
بەسەي شىڭزى تۇتالمايدۇ، شۇنداقلا يوپۇرماقنىڭ يۈزى-
نى كۆك پىت ئاجرىتىپ چىقارغان مومۇلۇق ماددا — شىلىمشىق
شىرنە قاپلاپ كېتىپ، يوپۇرماقنىڭ نورمال نەپەسلىنىشى-
گە تەسىر يەتكەنلىكتىن، ئاخىرى پۈتۈن تۈپ بويىچە سو-
لىشىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. بەسەي كۆك پىتى يەنە كۆكتاتنىڭ
ئورۇقلۇق تۈپلىرى غول چىقارغان ياكى قىچا چېچەكلى-
گەندە، يۇمران غولغا ۋە چېچەك سېپىغا زىيان سېلىپ،
ئورۇق چاناقلىرىنى پۇچەك قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا، بەسەي كۆك پىتى يەنە بەسەينىڭ ۋىرۇس كېسەل-
لىكىنى تارقىتىدۇ. ئەگەر كۆك پىت ئۆز ۋاقتىدا يوقىتىل-
مىسا، بەسەينىڭ ۋىرۇس كېسەللىكىنى ئاسانلىقچە يوقات-
قىلى بولمايدۇ.

3) پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى: بەسەي كۆك پىتى
يىلىغا 10 دىن ئارتۇق ئەۋلاد قالدۇرالايدۇ. ئەگەر تېم-
پېراتۇرا مۇۋاپىق بولسا، يىل بويى كۆپىيىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ
تۇخۇمى ئېتىزدا قالغان كۆكتاتلارنىڭ قالدۇقلىرى ئارى-
سىدا قىشتىن ئۆتىدۇ. بۇلار ئىككىنچى يىلىدىكى كۆك پىت
مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. قىشتىن ئۆتكەن كۆك پىت تۇخۇ-
مى ئەتىيازدا قۇرتقا ئايلىنىپ، ھەر خىل ۋاستىلەر ئار-
قىلىق، كۆكتات ئېتىزىغا كۆچۈپ كېلىدۇ. ئەمما زىيىنى

ئانچە ئېغىر بولمايدۇ. 6 ـ ئايدىن كېيىن، قىچا، بەسەي، تۇرۇپ ۋە كاللەك بەسەيلەرنىڭ ئۇرۇقلۇق تۇپلىرى چوڭايـغاندا، ئۇرۇق چاناقلىرىغا كۆپلەپ توپلىشىپ كۆپىيىپ زىيان سالىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشـلىرىغىچە كۆزلۈك بەسەي تېرىلىشقا باشلىغاندا، كۆكپىت كۆزلۈك كاللەكبەسەي ۋە ئايرىم ئۇرۇقلۇق ئېتىزىدىن كۆزلۈك بەسەي ئېتىزلىرىغا يۆتكىلىپ بارىدۇ. ئەگەر 8 ـ ئايدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 22℃ تىن يۇقىرى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز بولسا، كۆكپىت ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن كۆپىيىدۇ ۋە بىر تەرەپتىن زىيان سېلىپ، بەسەي مايسىلىرىنى نابۇت قىلىدۇ ياكى شىكزى تۇتقۇزـمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋىرۇس كېسەللىكىنى تارقىتىپ، بەسەينى پاقپاقباش قىلىپ قويىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرـلىرىدا كۆكپىتلار جۈپلىشىپ تۇخۇم سېلىپ قىشلايدۇ.

4) ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئۇسۇلى: (1) كۆزـلۈك بەسەينى ئەڭ ياخشىسى كۆزلـۈك كاللەكبەسەي ئېتىزىدىن يىراقراق تېرىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا يۆتكىلىپ بارىدىغان كۆك پىتنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

(2) كۆزلـۈك كاللەكبەسەي، بەسەي، تۇرۇپ قاتارلىقلار يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئېتىزدىكى قالدۇق يوپۇرماقلارنى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇ ئارـقىلىق كۆكپىتنىڭ ئېتىزدا قىشلايدىغان تۇخۇمىنى يوقاتـقىلى بولىدۇ.

(3) نۆۋەتتە بەسەي كۆك پىتنى يوقىتىشتا يەنىلا دېھقانچىلىق دورىلىرى ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا كۆزـ

لۇك بەسەي ئۈنۈپ 6 — 8 يوپۇرماق چىقارغاندا، كۆكپىت كۆرۈلگەن ھامان ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھىرى تۆۋەن ئورگانىك فوسفورلۇق دورىلارنى چېچىپ يوقىتىش كېرەك. ئادەتتە 1 — قېتىم دورا چاچقاندىن كېيىن، ئارىلاپ يەنە 2 — 3 قېتىم چاچسا، كۆكپىت يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

شەرت — شارائىتقا قاراپ تۆۋەندىكى دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، تەڭشەلگەن دورا سۇيۇقلۇقى ھەر موغا 150 جىڭ ئەتراپىدا چېچىلىدۇ. ① 40 پىرسەنتلىك روگور ئېمۇلسىيىسىنىڭ 1000 — 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى چېچىلىدۇ ياكى 1.5 پىرسەنتلىك روگور پاراشوكى ھەر موغا ئۈچ جىڭدىن چېچىلىدۇ. ② 50 پىرسەنتلىك مالاتىئون ئېمۇلسىيىسىنىڭ 1500 — 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى ئۈچ پىرسەنتلىك پاراشوكى چېچىلىدۇ. ③ 50 پىرسەنتلىك ۋالېكسون ئېمۇلسىيىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى چېچىلىدۇ. ④ 70 پىرسەنتلىك نەملىنىشچان مىنارون پاراشوكى ياكى 80 پىرسەنتلىك د د ۋ ئېمۇلسىيىسىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى چېچىلىدۇ. ⑤ 50 پىرسەنتلىك سومىتىئون ئېمۇلسىيىسىنىڭ 1000 — 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چاچقاندا، بەسەي كۆك قۇرتىنىمۇ يوقىتالايدۇ. لېكىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا شارائىتىدا كۆكتاتلارنى زەھەرلەپ قويۇشى مۇمكىن، شۇڭا دورىلارنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىش كېرەك. ⑥ 20 پىرسەنتلىك دىنازىنون ئېمۇلسىيىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ئىشلەتكەندە، تىرىپسىنىمۇ يوقـ

تالايدۇ. لېكىن ئىشلىتىشنى كۆكتاتلارنى يىغىۋېلىشتىن 10 كۈن بۇرۇن توختىتىش كېرەك. ⑦ يېڭى دېھقانچىلىق دورىسى پىرىمىكارىنىڭ 50 پىرسەنتلىك نەملىنىشچان پاراشوكىنى بەسەينىڭ شىڭزى تۇتۇش مەزگىلىدە ھەر موغا 40 گىرام ھېسابلاپ، 80 جىڭ سۇ قوشۇپ پۈركۈسە، كۆكپىت يوقىتىش ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. ⑧ تاماكىدىن بىر جىڭ، كۆيدۈرۈلمىگەن ھاكتىن بىر جىڭ ئېلىپ، 40—50 جىڭ سۇ بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر سوتكا تۇرغۇزغاندىن كېيىن، بەسەيگە چاچسا كۆكپىتنى يوقىتالايدۇ ياكى تاماكا زاۋۇتىدىن چىققان كېرەكسىز تاماكا توپىسىنى ئېتىزغا چاچسىمۇ بولىدۇ.

كاللەك بەسەينىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە قىلىن مۇم ماددىسى بولغانلىقتىن، دورا سۇيۇقلۇقى يوپۇرماق يۈزىگە تارالماي ئاسان ئېقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكپىت تېنىدە موملۇق پاراشوك بولغاچقا، دورا سۇيۇقلۇقى ئاسانلىقچە يېپىشمايدۇ. شۇڭا تەڭشەلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا ئاز مىقداردا سوپۇن پاراشوكى قوشۇپ ئىشلەتسە، دورىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## 30. كۈزلۈك بەسەينى قىش پەسلىدە بىخەتەر ساقلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

1. كۈزلۈك بەسەينى قىشتا بىخەتەر ساقلاش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى بەسەينىڭ مېخانىكىلىق زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنى بەسەينى يىغىۋاتقان چاغ‐

دا سايمان، ئادەم ۋە چارۋىلار زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

2. يىغىۋېلىش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. بەسەي بەك بالدۇر يىغىۋېلىنسا، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ، بەك كېچىكىپ يىغىۋېلىنسا، توڭلاپ قېلىپ، ساقلاشقا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، جايلار ئۆز جايىنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ئاساسەن، 10 - ئاينىڭ ئاخىرى 11 - ئاينىڭ باشلىرى يەنى كېچىلىك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن بەش سېلسىيە گرادۇسقا چۈشكەندە (مۇز تۇتۇشقا باشلىغاندا) يىغىۋېلىش لازىم.

3. يىغىۋالغان بەسەينى ئاپتاپقا سېلىپ، شامالدىتىپ، سەل سولاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر قەۋەت يوپۇرمىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن گەمىگە ئەپكىرىش كېرەك.

4. گەمىگە كىرگۈزۈش ۋاقتىنى ئوبدان مۆلچەرلەش لازىم. ئەگەر بەك بالدۇر كىرگۈزۈلسە، سىرتقى تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغاچقا، گەمە ئىچىگە تەسىر كۆرسىتىپ، گەمە ئىچىنى ئىسسىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەسەي ئاسانلا سېسىپ قالىدۇ. گەمىگە كىرگۈزۈش ۋاقتى كېچىكىپ كەتسە، سوغۇق ھاۋا ئېقىمى تەسىر قىلىپ، بەسەي ئۈششۈپ قالىدۇ. شۇڭا سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرگەن ھامان بەسەينى گەمىگە كىرگۈزۈش لازىم. گەمىگە ئەپكىرگەندە، شامالدىتىپ بىر قەۋەت يوپۇرمىقى ئېلىۋېتىلگەن بەسەيلەرنى گەمىنىڭ ئالدىغا رەتلىك تىزىپ، ئۈستىگە يوپۇرماق قىلىرىنى تاشلاپ، ئۈششۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

5. گەمىگە كىرگۈزگەن بەسەيىنى ئوبدان ئاسراش لازىم. سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، گەمىنىڭ ھاۋاسىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قاراپ، مۇۋاپىق چارە قوللىنىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى باسقۇچ، بەسەيىنى گەمىگە كىرگۈزگەندىن باشلاپ، 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ مەزگىلدە سىرتنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، بەسەيىنىڭ نەملىكى بىر قەدەر كۆپ، نەپەسلىنىشى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا گەمە ئىچىدىكى ئىسسىقلىقنى چىقىرىۋېتىش، كۈندۈزى گەمە ئېغىزىنى ئېچىپ قويۇپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش، بەسەينى پات-پات ئۆرۈپ شامالدىتىش لازىم؛ ئىككىنچى باسقۇچ، 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ مەزگىلدە سىرتنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولىدۇ. بۇ چاغدا گەمىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى مۇۋاپىق ساقلاپ، بەسەي ئۈششۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بەسەيىنى ئۆرۈپ شامالدىتىش قېتىم سانىنى ئازايتىش لازىم. ئۈچىنچى باسقۇچ، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىگىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ مەزگىلدە سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، گەمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا بەسەيىنى شامالدىتىش قېتىم سانىنى كۆپەيتىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق گەمە تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش، ئەڭ ياخشىسى گەمىنىڭ

ئېغىزىنى كۈندۈزى مەھكەم ئېتىپ قويۇپ، كېچىسى ئېچىۋېتىش لازىم.

## 31. دەل - دەرەخلەرگە خىمىيىۋى ئوغۇتنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟

دەل - دەرەخلەرمۇ ئازوت، فوسفور، كالىي، كالتسىي قاتارلىق ماددىلارغا ئىنتايىن موھتاج. بولۇپمۇ مېۋىسىز دەرەخلەر نوتا سۈرۈپ ماڭغاندا، مېۋىلىك دەرەخلەر مېۋە بەرگەندە تۇپراقتىن كۆپلەپ ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا دەل - دەرەخلەرنىڭ قايسى خىل ئوغۇتقا موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆزىتىپ، ۋاقتىدا ئوغۇتلاش لازىم.

دەل - دەرەخلەردە ئازوت ئېلېمېنتى كەم بولسا، يوپۇرماقلىرى نېپىز ھەم رەڭگى سۇس بولۇپ قالىدۇ، يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلالمايدۇ. گۈللەش قىسمىلىرى ياخشى يېتىلەلمەيدۇ. مېۋە تۇتۇش ئۈنۈمى تۆۋەنلەيدۇ. ۋېگىتاتىپ ئورگانلىرى ئۇزاق مەزگىل يۇمران باسقۇچتا توختاپ قېلىپ، سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاپ، مېۋىسى ئۇششاق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوغۇتلارنى قالايمىقان ئىشلەتمەستىن، ئۆستۈرۈلگەن نوتىلارنىڭ تۈرى، تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، مېۋىسىز دەرەخلەرگە ئاممونىي نىترات، ناترىي نىترات، كالتسىي نىترات قاتارلىق نىترات ھالىتىدىكى ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش، مېۋىلىك دە-

رەخلەر چېچەكلىگەن مەزگىلىدە ئاتسىل ئامىن ھالىتىدىكى
ئوغۇتلاردىن ئورنىدا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش لازىم.

فوسفور ئېلېمېنتى كەم بولۇپ قالسا، يېڭى ھۆجەي-
رىلەر شەكىللىنەلمەيدۇ. يىغ چىقىرىش تۆۋەنلەپ، ئۆسۈ-
شى ئاجىزلايدۇ. بولۇپمۇ ياش دەرەخلەرنىڭ مېۋىگە كىرى-
شى كېيىنگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. يوپۇرماقلىرى يۆگىشىۋا-
لىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردە قەنت ماددىسىنىڭ ئالمىشى-
شى چەكلىمىگە ئۇچراپ، ساخارىدلىق ماددىلارنىڭ ھا-
سىل بولۇشى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. مېۋىسىنىڭ پىشىش ۋاق-
تى كېيىنگە سۈرۈلۈپ، مېۋىلىرى كۆپلەپ تۆكۈلۈپ كېتى-
دۇ. دەرەخلەرنىڭ تۆپى يىگىلەپ، نوتا سۈرۈپ ئۆسەل-
مەيدۇ. مەسىلەن، ئالما، نەشپۈت، ئامۇت قاتارلىقلارنىڭ
فوسفور ئېلېمېنتىغا بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى كۈچلۈك،
ئوغۇتنى تۇپراق شارائىتى، دەل - دەرەخلەرنىڭ تۈرى،
فوسفورلۇق ئوغۇتلارنىڭ خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلارنى كۆز-
دە تۇتۇپ ئىشلىتىش لازىم. مەسىلەن، كالتسىي سوپېر
فوسفاتىنى مۇتلەق كۆپ خىلدىكى تۇپراقلاردىكى ئورما-
لارغا بېرىشكە بولىدۇ. كىسلاتالىق تۇپراقلار (قاتتىق
تۇپراق)دىكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە فوسفور - سودا پارا-
شوكى، سۆڭەك پاراشوكى ئوغۇتى، كالتسىيلىق ماگنىي-
فوسفور ئوغۇنى قاتارلىقلارنى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ
بېرىش لازىم. ئەمما ئۇنى ھاكلىق تۇپراقلارغا ئىشلىتىشكە
بولمايدۇ. شورتاڭ، زەيكەش، ھاكلىق تۇپراقلارغا سېلىن-
غان دەرەخلەرگە كالتسىي سوپېر فوسفات ئىشلەتكەندە
ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك-

ىكى، دەرەخلەرگە ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتـ
لارنى نۆۋەت بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى
ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. كالىيلىق ماددىلار يېتىشمەـ
گەندە دەرەخلەرنىڭ فوتوسىنتېزلىق رولى تۆۋەنلەيدۇ.
مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كراخماللىق ۋە قەنتلىك ماددىلىـ
رى تەرەققىي قىلالمايدۇ، بويى پاكار بولۇپ كېتىپ، مېۋىـ
لەرنىڭ پىشىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. نەم ساقلاش
ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈچى
ئاجىزلاپ كېتىدۇ. يوپۇرماقلارنىڭ شەكلى غەيرىي بولۇپ،
يوپۇرماق ئۇچى سارغىيىدۇ - دە، كېيىن قۇرۇپ تۆكۈلۈپ
كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇرتلاش، يېلىملاش، چالا قۇـ
رۇق بولۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ
قالىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، مېۋىلىك دەرەخـ
لەرنى كالىي سۇلفات، كالىي خلور، گىياھ كۈلى (ئوت -
چۆپ، ياغاچ كۈلى)، مەھەللىۋى ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتـ
لاش لازىم. بولۇپمۇ كالىيلىق ئوغۇتلارنىڭ مېۋىلىك دەـ
رەخلەرگە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

دەرەخلەر ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە كاربون،
ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت، فوسفور، كالىي، گۈڭگۈرت،
كالتسىي، ماگنىي، خلور قاتارلىق ئېلېمېنتلارغا موھتاج
بولۇشتىن سىرت، بور، مانگان، مىس، سىنك، تۆمۈر،
مولىبدېن قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلارغىمۇ موھـ
تاج. مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشكە سەل قارىـ
ماسلىق لازىم. چۈنكى: 1) بور ئوغۇتى مېۋىلىك دەرەخـ
لەرنىڭ مېۋىسىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت مىقدارىنى ئاشۇـ

رىدۇ. بور كىسلاتاسى، ماگنىيلىق بور ئوغۇتلىرىنى ئىشـ
لەتكەندە دەرەخ گۈللىرىنىڭ كۆپ ئېچىلىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، چاڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مېۋىلەر تۆكۈـ
لۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. 2) مانگانلىق ئوغۇت
ئۈزۈم، شاپتۇل، ئالما قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرگە
ئىشلىتىلسە، مېۋىلەر يىگىلەپ، قۇرتلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىـ
نى ئېلىشتا ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولىدۇ. 3) مىس ئېلېـ
مېنتى يېتىشمىگەندە، خلوروفىل ئازىيىپ، فوتوسىنتېزلىق
رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. يوپۇرماقلاردا يېشىللىق كەم بوـ
لۇپ «ئاق كېسىلى» پەيدا بولىدۇ. مېۋىلىرى تولۇق بولـ
مايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مىس سولفات، مىس رودا داشـ
قىلى قاتارلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. 4) دەرەخـ
لەرنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولۇپ، شاخ - بوغۇملىرى قىسقىـ
راش، يوپۇرماقلىرى كىچىك، غەيرىي شەكىلگە كېلىش،
قىستىلىپ، يىغىلىپ دەستە شەكىللىك يوپۇرماق ھاسىل
قىلىش يۈز بەرگەندە، سىنك سولفات ئوغۇتى ئىشلىتىش
لازىم. بۇنداق كېسەللىك ئەھۋالى شاپتۇل، ئامۇت، ئالما،
نەشپۈت قاتارلىق دەرەخلەردە بەلگىلىك كۆرۈلىدۇ. 5)
ياز پەسلىدىكى تېمپېراتۇرا يۇقىرى، يامغۇر كۆپ
بولۇپ، دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە تۆمۈر
ماددىسى كەملىك كېسىلى كېلىپ چىقىدۇ، يېڭى يوپۇرماقلار
سارغىيىپ كېتىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا پۈتۈنلەي ئاقىرىپ
كېتىدۇ. ئاسىلىق شاخلار ھەتتا توپ بويىچە قۇرۇپ
كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا تۆمۈر (II) سولفات ئوغۇتىنى ئىشـ
لىتىش لازىم. 6) كالتسىي يېتىشمىگەندە، مېۋىلىك

دەرەخلەردىن يېلىم قايىناپ چىقىدۇ، بۇنداق ۋاقىتىدا كالتسىي، ماگنىيلىق ئوغۇت ئىشلىتىش لازىم.

دېمەك، ئورمان يېرىگە خىمىيىلىك ئوغۇت، مىنېرال ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتىن سىرت، ئورگانىك ئوغۇتلارنىمۇ ئىشلىتىش لازىم. ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىمكان قەدەر كۆزدە ئورمانلارنى سۇغىرىشتىن ئىلگىرى ئىشلەتكەن ياخشى. تۇپرىقى ناچار يەرلەرنى يىلدا بىر قېتىم ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندىن باشقا، ئاممونىي نىترات، سوپېر فوسفات، ئورېئا قاتارلىق ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم.

## 32. ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلىنى ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلىنىڭ تەركىبىدە كالىي، فوسفور، كالتسىي، ماگنىي، تۆمۈر، ناترىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى بولغان كالىيلىق ماددىلار سۇدا ئېرىيدىغان بولغاچقا، ئۈنۈملۈك كالىيلىق ئوغۇت دەپ قارىلىدۇ.

ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلى مۇرەككەپ، ئەلا سۈپەتلىك ئوغۇت بولغاچقا، ھەر خىل زىرائەتلەرگە ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنى كالىي ماددىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، خلورنى ياقتۇرمايدىغان ياڭيۇ تۇرۇپ، دىكىلەر، قىزىلچا ۋە پۇرچاق ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرگە ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ. ئىشقارلىق ۋە شورلۇق تۇپراقلار-

دىن باشقا تۇپراقلارغا ئىشلىتىلسە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇپراقنىڭ كىسلاتالىقىنى تۆۋەنلىتىپ، تۇز يېتىشمەسلىكنى تۈگىتىدۇ.

ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلىنى ئاساسىي ئوغۇت، ئورۇق ئوغۇتى ۋە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى يەر ئاغدۇرغاندا ئاساسىي ئوغۇت قاتارىدا ئىشلەتسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئاساسىي ئوغۇت ئورنىدا ئىشلەتكەندە، ھەر مو يەرگە 50 كىلوگرامدىن 100 كىلوگرامغىچە ئىشلەتسە بولىدۇ. ئورۇق ئوغۇتى قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولسا، چىلانغان كېۋەز ئورۇقىنى ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلى بىلەن ئارىلاشتۇرسا، ياكى ئۇنى تېرىش ۋاقتىدا، ياكى ئۇنى ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلى ئېرىتمىسىگە چىلاپ تېرىسا، بۇ ئىككى خىل زىرائەتنىڭ يۇمران مايسىلىرىنىڭ فوسفور، كالىي ماددىلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى، چىرىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. 10 — 20 پىرسەنتلىك ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلى ئېرىتمىسىنى بۇغداي، قوناق مايسىلىرىنىڭ غولىغا پۈركۈسە، غولىنى چىڭىتىپ، مايسىلار يېتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەمدە بۇغدايغا چۈشىدىغان ھال كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئوت - چۆپ ۋە ياغاچ كۈلىنى ئىشلىتىش جەريانىدا، ئۇنى ئاممونىي ھالىتىدىكى ئازوتلۇق ئوغۇتلار، مال قىغىلىرى، گەندە ۋە سۈيدۈك بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش، ساقلاش جەريانىدا سۇ ۋە يامغۇردا قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## 33. ئائىلىلەردە خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى ساقلاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى

تېرىلغۇدىن كېيىن دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىدە بىر قىسىم خىمىيىۋى ئوغۇت ئېشىپ قالىدۇ. ئۇنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ساقلىغاندىلا، ئۈنۈمىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

1. خالتىسى يىرتىلىپ كەتكەن ياكى ئېشىپ قالغان پارچە - پۇرات ئوغۇتلار قايسى تۈردىكى ئوغۇت بولسا، شۇ تۈر بويىچە ئايرىپ، ئىچى قۇرۇق، هاۋا ئۆتۈشمەيدىغان، ئاغزى كىچىك كۆپكە سېلىپ، كۆپنىڭ ئاغزىدىغا نېپىز تۆت قەۋەت سۇلياۋ يېپىپ، ئىنچىكە يىپ بىلەن مەھكەم چىگىۋېتىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، هاراق تۇڭىغا ئوخشاش ئۈستىنى قۇم خالتا بىلەن باستۇرۇپ قويسىمۇ، نېپىز سۇلياۋنى ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كاكىل لاي بىلەن مەھكەم چاپلىۋەتسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا هاۋانى توسۇپ، ئىسسىقلىق ۋە نەملىكتىن ساقلاپ، ئوغۇت بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئەگەر كۆپ ئىچىدىكى خىمىيىۋى ئوغۇت كاللەك بولۇۋېلىپ ئېزىش قولايسىز بولسا، سۇ قويۇپ ئېرىتىپ، بىراقلا ئىشلىتىپ تۈگىتىۋەتسە بولىدۇ.

2. هاۋا ئۆتۈشمەيدىغان، ئاغزى بىر قەدەر يوغان كۆپنى ئالدى بىلەن پاكىز سۈرتۈپ ئادالاش كېرەك. ئاندىن خىمىيىۋى ئوغۇتنى قاچىلاپ، ئاغزىنى ئىككى قەۋەت سۇلياۋ بىلەن ئوراپ، ئۈستىدىن

يوغانراق تاش ياكى ياغاچ تاختاي بىلەن باستۇرۇش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىنى بىر- ئىككى قەۋەت سولياۋ بىلەن قاپلاپ، كاكىل لايدا سۇۋىتىۋەتسە بولىدۇ.

3. تاش ياكى پىششىق خىشتىن ئۇقۇر ياساپ، ئىچىنى هاك ياكى سېمونت بىلەن سۇۋاش لازىم، ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئېغىز قالدۇرۇپ، خىمىيىۋى ئوغۇتنى قاچىلىغاندىن كېيىن، ئاغزىنى تاش ياكى ياغاچ بىلەن ئېتىپ، كاكىل لاي بىلەن مەھكەم ئېتىۋېتىش كېرەك. ئۇقۇرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوغۇتنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ياسالسا بولىدۇ، بۇنداق ئۇقۇرلارنى ئامبار ئۆيلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىغا ياكى ئۆگزىلەرگە سالسىمۇ بولىدۇ، لېكىن، ئۇنى نەملىك، هۆل - يېغىندىن ساقلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

4. پارچە قاچىلانغان كالتسىي فوسفاتنى مەھەللىۋى ئوغۇتلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىنى مەھكەم يېپىپ ساقلىسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ فوسفورلۇق تەركىبىنى ساقلاپ قالغىلى بولۇپلا قالماي، مەھەللىۋى ئوغۇتلارنىڭ ئازوتلۇق تەركىبى پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلىمۇ بولىدۇ.

## 34. ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ تۇپراقنى بۇلغاش خۇسۇسىيىتى بارمۇ؟

ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ تۇپراق ۋە زىرائەت مەھسۇلاتىنى بۇلغايدىغانلىقى نۆۋەتتە دۇنيا جامائەتچىلى-

كىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى تۇپراققا بېرىلگەن ئازوت كۆپىيىپ كەتكەندە، نىترات ۋە نىترىتلار ھاسىل قىلغان نىترىت ئامىننىڭ ئادەم ئورگانىزمىدا راك كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى ئېتىراپ قىلماقتا.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ھەر مو يەرگە ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت مىقدارى 80- يىللاردىكى 11 كىلوگراملىق ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن بىر ھەسسە ئۆپچۆرىسىدە كۆپەيدى، بۇنىڭدا ئازوتلۇق ئوغۇت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەردە «خىمىيىۋى ئوغۇت راك كېسىلى پەيدا قىلىدىكەن» دېگەن قاراش تۈپەيلىدىن، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىشتىن گۇمانلىنىدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە. ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ تۇپراق ۋە مەھسۇلاتنى بۇلغاش خۇسۇسىيىتى قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟ شىنجاڭدا ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ بۇلغاش تەسىرى قانداق؟

بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىدەك ئانالىز قىلىش مۇمكىن.

ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ تەركىبىدىكى ئازوت ئاساسەن ئاممونىي، نىترات ۋە ئامىندىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئازوتلۇق ئوغۇتلار تۇپراققا بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆسۈملۈكلەرگە ئاممونىي ۋە نىترات ھالىتىدە سۈمۈرۈلىدۇ. ئاممونىي ۋە ئامىن ھالىتىدىكى ئازوت قۇرغاق تۇپراقتا نىتراتلاشتۇرغۇچى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ رولى نەتىجىسىدە ئوكسىدلىنىپ نىتراتلارغا ئايلىنىدۇ. نىترات بىلەن ئاممونىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئوزۇقلۇقى ھېسابلىنىدۇ. نىتراتلار ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىسىدە يەنە ئاممونىيغا ئايلى-

نىپ، ئامىنو كىسلاتالىرىنى ھاسىل قىلىشقا قاتنىشىدۇ. ئەگەر تۇپراققا بېرىلگەن ئازوت ئوغۇتى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، ئوغۇت تەركىبىدىكى نىتراتلار مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تەسىرىدە ئوكسىدسىزلىنىپ نىترىتلارغا ئايلىنىدۇ، ئۆسۈملۈك يىلتىزى تەرىپىدىن سۈمۈرۈلگەن نىترىت ۋە نىتراتلارنىڭ ئارتۇق قىسمى ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتىدا تەدرىجىي ھالدا ئامىنلار بىلەن بىرىكىپ، نىترىت ئامىن ھالىتىدە توپلىنىدۇ، ئۇلار جانلىق ئورگانىزمدا تولۇق ھالدا نىترىت ئامىنغا ئايلىنىپ، تەدرىجىي يىغىلىدۇ. ئۇنىڭ توپلىنىشى كۈچىيىپ، مەھسۇلاتتىكى مىقدارى كۆپىيىپ كەتسە، ئادەم ئورگانىزمىدا ئۆسمە پەيدا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئازوتلۇق ئوغۇتلار كۆپ بېرىلگەن تۇپراقلاردىلا ئەمەس، كەندە كۆپ بېرىلگەن ۋە ئازوت تەركىبى مول بولغان تۇپراقلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

شىنجاڭدا، نۆۋەتتە ھەر مو يەرگە ئىشلىتىلىۋاتقان خىمىيىۋى ئوغۇت مىقدارى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز. مەسىلەن، 80- يىللاردىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، يىلىغا ھەر مو يەرگە ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت گوللاندىيىدە 236 كىلوگرام، ياپونىيىدە 157 كىلوگرام، غەربىي گېرمانىيىدە 121 كىلوگرام، ئامېرىكىدا 28 كىلوگرام، جۇڭگودا 42 كىلوگرام بولغان. شىنجاڭدا ھازىرمۇ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلىش مىقدارى 20 كىلوگرامدىن ئاشمايدۇ، بەزى جايلاردا تېخىمۇ ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ كىلىماتى قۇر-

غاق، تۇپراق تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك ئازوت مىقدارى كەم، نىتراتلارنىڭ نىترىتلارغا ئايلىنىشى تولىمۇ ئاجىز، شۇڭا ئۆسۈملۈك ئورگانىزمىدا نىترىت ۋە نىترىت ئامىنىنىڭ توپلىنىش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن ئاز. شۇڭا ئادەتتىكى ئەھۋالدا شىنجاڭدا ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ تۇپراق ۋە زىرائەت مەھسۇلاتلىرىنى بۇلغاش تەسىرى يوق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەھسۇلات مىقدارىنى قوغلىشىپ، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتە مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىگە قاراپ ئۆلچەملىك مۇۋاپىق ئىشلىتىش، ئازوت، فوسفور ئوغۇتلىرى بىلەن ئورگانىك ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم.

## 35. خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلەتكەندىلا ئاندىن مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر خاتا ھالدا خىمىيىۋى ئوغۇتنى قانچە كۆپ ئىشلەتسە شۇنچە ياخشى، دەپ قارايدۇ. بەزى خىمىيىۋى ئوغۇتلار مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىسە ياكى ئىشلىتىش ئۇسۇلى توغرا بولمىسا، زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. مانا بۇ ئادەتتە ئېيتىلىدىغان «خىمىيىۋى ئوغۇت زىيانداشلىقى» ھادىسىسىدۇر.

زىرائەتلەردە كۆرۈلىدىغان ئوغۇت زىيانداشلىقىنىڭ تۈرلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) سۇسىزلاندۇرۇش خاراكتېرلىك ئوغۇت زىيانداشلىقى. بۇنىڭدا، ئاساسلىقى بىر قېتىمدا ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت زىيادە كۆپ بولسا ياكى تۇپراقنىڭ نەملىكى يېتەرلىك بولمىسا، ئوغۇت بېرىلگەندىن كېيىن تۇپراقتىكى خىمىيىۋى ئوغۇت ئېرىتمىسىنىڭ قويۇقلۇقى زىيادە ئېشىپ كېتىش تۈپەيلىدىن، زىرائەت ھۆجەيرىسى ئىچىدىكى سۇ تەركىبى تەتۈر سىرغىپ، زىرائەتلەر سۇسىزلىنىپ كېتىدۇ.

2) ئىسلاش خاراكتېرلىك ئوغۇت زىيانداشلىقى. بۇ، ئاساسەن ئاممىياكلىق سۇ، ئاممونىي ھىدرو كاربونات قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەنلىكتىن بولىدۇ. بۇ خىل خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق ۋاقىتتا ئىشلەتكەندە ئاسانلا كۆپ مىقداردا ئاممىياكلىق سۇ پەيدا قىلىپ، زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ. زىيان يەڭگىلرەك بولغاندا، زىرائەت تۈپلىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى ياكى يوپۇرماق ئۇچى سارغىيىپ قېلىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. زىيان ئېغىرراق بولغاندا، زىرائەت تۈپلىرى پۈتۈنلەي سارغىيىپ، قۇرۇپ نابۇت بولىدۇ.

3) ئۇرۇقنى كۆيدۈرۈۋېتىش خاراكتېرلىك ئوغۇت زىيانداشلىقى. ئۇرۇق ئوغۇتى بېرىش ئوغۇت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە ئوغۇتنى تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئىشلىتىلىش مىقدارى

زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە ياكى كىسلاتالىقى بەك كۈچ-
لۈك بولغان كالتسىي سۇپېر فوسفات ياكى ئىشقارلىق ھەمدە
ئۇچۇچان ئاممونىي كاربونات، ئورېئا قاتارلىق خىمىيىۋى
ئوغۇتلار ئورۇققا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە، ھەمىشە
ئورۇقنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئېغىر ھالدىكى مايسا شالاڭلىقى-
نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يوپۇرماقتىن ئوغۇتلىغان چاغدا
ئوغۇت ئېرىتمىسىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ
كەتسە، يوپۇرماقنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، بەلگىلىك زىيانغا
ئۇچرىتىدۇ.

4) زەھەرلەش خاراكتېرلىك ئوغۇت زىيانداشلىقى.
بەزى خىمىيىۋى ئوغۇتلار، مەسىلەن، ھاكلىق ئازوت بىر
خىل زەھەرلىك ئوغۇت بولۇپ، تۇپراققا بېرىلگەندىن
كېيىن، بىر قاتار ئايلىنىشلاردىن كېيىن ئۆسۈم-
لۈك تەرىپىدىن سۈمۈرۈلىدۇ. ئەمما ئايلىنىش جەريانىدا
بەزى زەھەرلىك ماددىلار پەيدا بولۇپ، زىرائەتلەرنى
زەھەرلەپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ ياكى نابۇت قىلىدۇ.

خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە ئوغۇت زىيانداش-
لىقى پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئاساسلىق
تەدبىر ئىشلىتىش مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىش،
ئىلمىي ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىشتىن ئىبارەت.
خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ھەر قېتىملىق ئىشلىتىلىش مىقدارى
بەلگىلىمىدىن كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى، ئادەتتە بىر
مو يەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئاممونىي كاربونات 20 كىلو-
گرامدىن، دى ئاممونىي فوسفات 15 كىلوگرامدىن،
ئورېئا ئون كىلوگرامدىن، ئاممونىي سۇلفىد 15 كىلو-

گرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئازوتلۇق ھاكىنى بىۋاسىتە ئىشلەتمەسلىك، ئىشلەتكەندە 50 ھەسسىلىكتىن يۇقىرى سېغىز تۇپراققا ياكى يەرلىك ئارىلاشما ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ، 20 كۈن دۆمىلەپ، ئاندىن ئىشلىتىش لازىم.

## 6 . دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن زەھەرلەنگەن ھەسەل ھەرىلىرىنى قانداق داۋالاش كېرەك؟

ھەسەل ھەرىلىرى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن زەھەرلەنگەندە، ئۇۋا ئېغىزى ئەتراپىدا ئۆلۈك ھەرىلەر پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى، كۆپىنچىسىنىڭ بويۇن - دۈمبىلىرى ئاچرىغان، قۇسقان، قانىتى كۆتۈرۈلگەن، ئالدى پۇتى بىلەن كۆكرىكىنى تۇتۇپ، ئارقا پۇتىنى تۈز سوزغان ھالەتتە بولىدۇ. تىرىك ھەرىلەر كۆنەك ئەتراپىدا قالايمىقان ئۇچىدۇ، مىجەزى يامانلىشىپ، ئادەمگە ئاسانلا خىرىس قىلىدۇ. كۆنەكنى كۆتۈرگەندە ھەرىلەر تۆكۈلۈپ چۈشۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا قۇسۇش ئاساسلىق ئالامەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەسەل ھەرىلىرى دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن زەھەرلەنسە، جۈپيى دورىلىرى ئارقىلىق داۋالاشقا بولىدۇ.

1) دورا تەييارلاش. بىر ساندۇق ھەسەل ھەرىسىنى داۋالاش بىرلىك قىلىنىپ، چۈچۈكبۇيا ۋە ئۈچقاتنىڭ ھەرقايسىسىدىن يەتتە مىسقال، ماشتىن بىر سەر تەي-

يارلاپ، سۇ قوشۇپ مۇۋاپىق قىزدۇرۇپ، 250 گرام ئەتىراپىدا قالغۇچە قاينىتىپ، قىزدىق پېتى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ دورا تېرىدىپلىرى سۈزۈۋېلىنىدۇ، ئاندىن دورا سۈيىگە يېرىم سەر ھەسەل ياكى بىر سەر ئاق شېكەر تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ سوۋۇتۇلىدۇ. سۈزۈۋېلىنغان دورا تېرىدىپىنى ئىسسىكىنچى قېتىم يەنە قاينىتىشقا ئىشلىتىپ قويۇلىدۇ.

2) دورا بېرىش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا كۈندۈزى دورا پۈركۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. سوۋۇتۇلغان دورا سۇيۇقلۇقى پاكىز ھەم زەھەرسىز پۈركۈگۈچ بىلەن كۆنەككە يەڭگىل پۈركۈلىدۇ. دورىنىڭ پۈركۈلۈش مىقدارى ھەر بىر ھەرىگە دورا تامچىلىرى يېتەرلىك چېچىلغۇدەك، ئەمما قاناتلىرى يېپىشىپ قالمىغۇدەك بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. دورا ھەر ئىسسىكى - ئۈچ سائەتتە بىر قېتىم پۈركۈپ بېرىلسە، ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. كېچىدە قۇرۇق كۆنەككە دورا قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئىسسىكىنچى قېتىم قاينىتىلغان دورا سۈيىگە بىر سەر ھەسەل، ئىسسىكى سەر ئاق شېكەرنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسسىكى ياندىكى كۆنەككە قۇيۇپ، ھەرىلەرنىڭ كېچىسى ئىچىشىگە بېرىلىدۇ. كېسەل ھەرىلەرنى دورا ئىچىشكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن رامكىغا ئازراق ھەسەل تېمىتىپ قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئۆلۈشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

## 37. چۈجىلەرگە شېكەر سۈيى ئىچۈرۈلسە، ئەي بولۇش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ

ئەمدىلا شاكىلىدىن چىققان ئۇششاق چۈجىلەرنىڭ پەي - تۈكى شالاڭ، تېنىدىكى ياغ مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئىسسىقلىق يېتىشمەيدۇ، ئىسسىقلىق ساقلاش كۈچى ناچار بولىدۇ، شۇڭا چۈجىلەرنىڭ ھاياتلىق كۈچى ئاجىز بولىدۇ، ئۆسۈشمۇ تېز بولمايدۇ. ئەگەر چۈجىلەرگە ئازراق شېكەر سۈيى بېرىلسە بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق مىقدارى تولۇقلىنىپ ماددا ئالمىشىشى تەڭشىلىدۇ، ھاياتىي كۈچى ئاشىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. سىناق قىلىشقا قارىغاندا، بىر كۈنلۈك بولغان چۈجىگە شېكەر سۈيى ئىچۈرۈلسە ئەي بولۇش ئۈنۈمى 4.5% يۇقىرى بولىدۇ، بېرىلىدىغان شېكەر سۈيىنىڭ قويۇقلۇقى 8% بولسا ئەڭ ياخشى.

## 38. گۆش توخۇسى چۈجىلىرىدىكى يۇمشاق پۇت كېسەللىكى

يۇمشاق پۇت كېسەللىكى گۆش توخۇسى چۈجىلىرى سەمرىش جەريانىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئادەتتە چۈجىلەر ئىككى ھەپتىلىك بولغاندا پەيدا بولۇپ، تۆت - بەش ھەپتىلىك بولغاندا كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

كېسەللىك ئالامەتلىرى: كېسەللىك پەيدا بولۇشقا

باشلىنىشىدا چۈجىلەرنىڭ پۈتى «X» شەكىللىك ياكى «O» شەكىللىك بولۇپ قالىدۇ. كېسەللىك ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، چۈجىلەرنىڭ ئۆرە تۇرۇشى قىيىنلىشىپ، تىزلىنىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

كېسەللىك سەۋەبى: گۆش توخۇسى چۈجىلىرىدە يۇمشاق پۇت كېسەللىكى پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى ئوزۇقلۇقنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆسۈش سۈرئىتى تېز بولغانلىقتىن، ھەمىشە سۆڭەكلەر شەكىلدە يېتىلىپ قالىدىغانلىقىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، زامبۇرۇغ توكسىندىن زەھەرلىنىش، يۇقۇملۇق سىلىق پەردە ياللۇغى، شۇنىڭدەك توخۇ ساختا ۋابا سى ۋە سىرتقى جاراھەتلەرمۇ بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش: ئالدى بىلەن چۈجىلەرنىڭ كۈندىلىك يېمى تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇقنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش لازىم. ۋىتامىنلىق ئوزۇقلۇقلاردىن ۋىتامىن $D_3$، $E$، $B_2$ لارنى ۋە ئۆت ئىشقارى، نىكوتىن كىسلاتاسى، يوپۇرماق كىسلاتاسى، پانتوتېنىك كىسلاتاسى قاتارلىقلارنى تولۇقلاپ بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، گۆش توخۇسى چۈجىلىرىنىڭ كۈندىلىك يېمى تەركىبىدە ئاقسىل يۇقىرى بولسا، ئورېئا كىسلاتاسى كۆپىيىپ كېتىدۇ، بۇ ھالدا يوپۇرماق كىسلاتاسىنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر گۆش توخۇسى چۈجىلىرىنىڭ كۈندىلىك يېمىدە يوپۇرماق كىسلاتاسى يېتەرلىك بولمىسا، سۈيدۈك كىسلاتاسى سىرتقا تولۇق چىقىرىلماي

چۈجىلەردە يەللىك بوغۇم ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ. يەمنىڭ تەركىبىدىكى كالتسىي بىلەن فوسفورنىڭ ئۆلچەملىك مىقدارىنى ۋە نىسبەت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىكرو ئېلېمېنتلاردىن مانگاننى تولۇقلاپ بېرىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى گۆش توخۇسى چۈجىلىرىنىڭ ئېنىبىرگىيە تولۇقلىغۇچى ئاساسلىق يەم ـ خەشەكى كۆممىقۇناق بولۇپ، كۆممىقۇناقتىكى مانگاننىڭ مىقدارى ئارپا بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاران ئۈچتىن بىرىدىگە، بۇغداي كېپىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 18 دىن بىرىدىگە توغرا كېلىدۇ. يەم تەركىبىدىكى مانگان يېتەرلىك بولمىسا پەي چۈشۈپ كېتىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈجىلەرگە كۆممىقۇناقنى ئاساسلىق يەم قىلىپ بەرگەندە، مانگاننى تولۇقلاپ بېرىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن قالسا، ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىك ئۆسۈش سۈرئىتى ئاستىلىتىلىپ، ئۆلتۈرۈشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۆسۈشىنى تېزلىتىشمۇ گۆش توخۇسى چۈجىلىرىدىكى يۇمشاق پۇت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چۈجىلەرگە كۆكىرىدىپ قالغان يەم ـ خەشەكلەرنى بەرمەسلىك، كاتەك تېگىگە ئوت ـ چۆپ سېلىپ، ئاستىنى قۇرۇق داپ تۇرۇش، كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا گۆش توخۇسى چۈجىلىرىدىكى يۇمشاق پۇت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## 39. ئۆي قۇشلىرىنىڭ كاتىكىنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىشقا بولمايدۇ

ئۆي قۇشلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ۋىرۇس ۋە باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆي قۇشلىرى ئورگانىك فوسفورغا ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ ھەم ناھايىتى ئاسانلا زەھەرلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۆي قۇشلىرىنىڭ تەن سىرتىدىكى پارازىت قۇرتلارنى يوقىتىشتا ئورگانىك فوسفورلۇق دورىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، دورىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىش ھەمدە مالدوختۇرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىش لازىم. ئۆي قۇشلىرىنىڭ كاتىكىنى دېزىنفېكسىيە قىلىشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورىلاردىن 10 — 20 پىرسەنتلىك يېڭى هاك ئېمۇلسىيىسى، 20 پىرسەنتلىك ئوت - چۆپ كۈلىنىڭ قىزدۇرۇلغان ئېرىتمىسى، 5 — 10 پىرسەنتلىك ئاقارتقۇچى پاراشوك، تۆت - بەش پىرسەنتلىك لىزون ۋە ئىككى پىرسەنتلىك ناترىي ھىدرو ئوكسىدى قاتارلىقلار بار.

## 40. ئېشىپ قالغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى قىش پەسلىدە ياخشى ساقلاش لازىم

ساقلاش ئۇسۇلى مۇنداق: 1) خىمىيىلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بوتۇلكىغا ۋە باشقە

قاچىلارغا قاچىلانغان سۈيۈق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇپ بىر ئورۇندا قويۇشقا بولمايدۇ؛ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دورىلارنىڭ نامىنى قاچىغا ئېنىق يېزىپ قويۇش لازىم. 2) تۇرالغۇ ئۆي ۋە چارۋا قوتانلىرىدا ساقلىماسلىق كېرەك. مەسىلەن، «1605»، «1059»، «666» «ددۋ» قاتارلىق دورىلارنىڭ دېمىقتۇرۇش تەسىرى بولۇپ، زەھەرلىك گازى نەپەس يولى ئارقىلىق ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ بەدىنىگە كىرىپ زەھەرلەيدۇ. 3) دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زەھەرلەپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى يېمەكلىك، مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتاتلارغا يېقىن ئورۇندا ساقلىماسلىق كېرەك. 4) قەغەز قاچىلارغا قاچىلانغان پاراشوك دورىلارنىڭ نەملىشىپ ئۈنۈمىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش، بوتۇلكىلىق سۈيۈق دورىلارنىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، سىرتىنى بىر قەۋەت سۇلياۋ بىلەن ئوراپ، پارغا ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. 5) ئېشىپ قالغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئارتۇق قۇرۇق بوتۇلكا ۋە دورا قاچىلىرىنى يەرگە چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش كېرەك. قالايمىقان تاشلىۋېتىشكە ياكى خالىغانچە يېمەكلىك قاچىلاشقا بولمايدۇ.

## 41. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئۆيدە ساقلاش سالامەتلىككە زىيانلىق

بەزى دېھقانلار سېتىۋالغان ياكى ئىشلىتىپ ئېشىپ

قالغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئادەم تۇرىدىغان ئۆيدە ساقلايدۇ. بۇ، سالامەتلىككە ناھايىتى زىيانلىق.

كىشىلەرگە مەلۇمكى، كۆپ ساندىكى دېھقانچىلىق دورىلىرى ئۇچۇچان كېلىدۇ. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغان ئەھۋال ئاستىدا دېھقانچىلىق دورىلىرى ئۆيدە ساقلانسا، ئۆينىڭ ھاۋاسى ئاسانلا بۇلغىنىدۇ- دە، ئادەمنىڭ سىرتقى شىلىمشىق پەردىسى ۋە تېرىسى غىدىقلاش تەسىرىگە ئۇچراپ، ئادەم نۇردىن قورقىدىغان، كۆزدىن ياش ئاقىدىغان، بەدەن تېرىسى ئاغرىيدىغان ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، بۇرۇن ياللۇغى، كۆز مۇگۈز پەردە ياللۇغى ۋە نەپەس يولى يارىلىنىش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى دېھقانچىلىق دورىلىرى گاز ھالەتتە بولغاچقا، نەپەس يولى، تېرە، ھەزىم قىلىش يوللىرى ئارقىلىق قانغا كىرىپ، جىگەر، بۆرەك، مېڭە، يۈرەك، سۆڭەك قاتارلىقلارنى زەھەرلەپ قويىدۇ. بەزى دېھقانچىلىق دورىلىرى ئادەم بەدىنىدە بارا-بارا يىغىلىپ زەھەرلەپ، ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ۋە جىگەر ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزۈپ، باش ئاغرىش، ئۇيقۇ كەلمەسلىك، نېرۋا ئاجىزلىنىش، قان ئازلىق، بىرلەمچى جىگەر راكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ھامىلدار ئاياللار، بالىلار گازلىق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى سۈمۈرۈۋالسا، ھامىلە غەيرىي بولۇپ قالىدۇ ھەمدە بالىلارنىڭ زېھنىي كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئۆيدە قەتئىي ساقلىماسلىق كېرەك.

## 42. قايسى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كۆكتاتلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟

كۆكتاتلار ئاسانلا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرايدۇ. كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، بەزى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، زەھىرى ئۆتكۈر دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن ئورگانىك فوسفور تۈرىدىكى مونوكرونوفوس، كاربوفۇران، ئاممونىي فوسفات قاتارلىقلار. بۇ خىل دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زەھىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، تەسىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقالمايدۇ. ئەگەر زەھىرى ساقلىنىپ قالغان بۇنداق كۆكتاتلار بازاردا سېتىلسا، ئىستېمالچىلارنى زەھەرلەپ، ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، زەھىرى ئاجىز، ئەمما تەسىرى ئۇزاق ساقلىنىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، ئورگانىك خلور، ئورگانىك ئازوت تۈرىدىكى «DDT» (دىخلوردىفېنىل ترىخلور ئېتان)، خلورتېن، دىئىلدرىن قاتارلىقلار. گەرچە بۇ دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زەھىرى ئۆتكۈر بولمىسىمۇ، ئەمما تەسىرىنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئۇزاققراق بولىدۇ، كىشىلەر بۇ تۈردىكى دورىلار ئىشلىتىلگەن كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلسا، سوزۇلما خاراكتېرلىك زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 43. ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ تۈرى كۆپىيىپ، ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ يىلسېرى ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مۇھىت ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ، زەھەرلىك ماددىلار ئوزۇقلۇق زەنجىرىگە كىرىپ، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى نۆۋەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلار كىشىلەر داۋاملىق ئىشلىتىۋاتقان خىمىيىۋى دورىلار بولۇپ، مۇھىتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 90 پىرسەنتتىن كۆپرەك ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلار كۆزلىگەن ئۇنۇمگە يەتمەي، دورا ئىشلەتكەن ئەتراپتىكى مۇھىتقا تارقىلىپ، پارغا ئايلىنىپ ئاتموسفېراغا تامامەن كىرىۋالىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىغا كىرگەن كۆپ قىسىم خىمىيىۋى بىرىكمە ماددىلار گاھ بۇرۇن، گاھ كېيىن ياكى قۇياش نۇرى، سۇ (نەملىك) ۋە تېمپېراتۇرىنىڭ رولى ئارقىلىق ھايۋانات ۋە مىكرو ئورگانىزملار تېنىدە پارچىلىنىدۇ. زەھەرلىك ماددىلار پارچىلىنىش جەريانىدا قىسمەن زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ ھەمدە يېڭىدىن بەزى زەھەرلىك خۇسۇسىيەت پەيدا قىلىدۇ، ئۆزىدە زەھەرلىك خۇسۇسىيەت ۋە زەھەرلىك ماددا بولمىغان ماددىلار باشقا ماد-

دىلار بىلەن بىرىككەندىن كېيىن زەھەرلىك خۇسۇسىيەت ـ كە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەـ ۋەبچى بولىدۇ ھەم تۇپراقنىڭ بىئولوگىيىلىك جانلىقـ لىقىنى توسۇپ قويىدۇ.

ئەگەر تۇپراقلارغا ئۇزاق مۇددەت مىنېرال ئوغۇت ۋە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە، ئاجـ رىلىپ چىققان زەھەرلىك ئېلېمېنتلار مىكرو ئورگانىزمـ لارغا ئارىلىشىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە زىيان كەلتۈرىدۇ.

ھايۋاناتلار (جانلىقلار)غا كەلسەك، ئۇنىڭ تۈزۈـ لۈش جەريانى مۇرەككەپ ھاياتلىق دەۋرى بولۇپ، ھاـ شارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ رولىنى ئالدىن مۆلچەرـ لىگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، قۇشلار ئېكولوگىيىلىك تۈردە مۇھىم ھالقا بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك ھاشاراتلار بىلەن بولغان بىر ـ بىردىنى شەرت قىلىش مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن. بىر تۆمۈر تۇمشۇق بىر يازدا 5 ـــ 6 مو يەردىكى ھاشاراتنى يوقىتالايدۇ. بىر جۈپ ياۋا قۇش جۈپلىشىش مەزگىلىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھاشاراتـ نى يوقىتىدۇ. كۆپلىگەن قۇشلار ۋە جانلىقلار ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلگەن جاينىڭ ئۆزىدىلا ئۆلـ مەي، كۆچۈش جەريانىدا ياكى كۆچۈپ بارغاندىن كېـ يىنكى ئورنىدا ئۆلۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ بەدىنىدە زاپاس ساقلانغان بىر خىل پەۋقۇلئاددە ماي (ياغ) «ئامبىرى»نىڭ بولغانلىقىدىن، ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلار ئانچە جانلىق بولمىغان شەكىل

ئارقىلىق ئۇ يەرگە توپلىنىپ قېلىپ، ئوزاق ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئۇچۇش، كۆچۈش جەريانىدا مايىنىڭ سەرپ بولۇشى بىلەن، زەھەرلىك ماددا (ئېلېمېنت)لار تەدرىجىي قۇشلارنىڭ بەدىنىگە كۆچكەنلىكتىن بولىدۇ.

ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلاردىن زەھەرلىنىش زاۋۇتلاردىن چىققان زەھەرلىك گازدىن زەھەرلىنىشكە ئوخشىمايدۇ. سانائەتنىڭ بۇلغىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەلۇم دائىرىدىكى جانلىقلارغا زىيان يەتكۈزسە، ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلار بارلىق جانلىقلارغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، «666»، «DDT» قاتارلىق ئورگانىك خلورلۇق دېھقانچىلىق دورىلىرى كەڭ ئىشلىتىلدى. كېيىنچە يەنە ئورگانىك فوسفورلۇق دېھقانچىلىق دورىلىرىمۇ كەڭ ئىشلىتىلدى، بۇ دورىلارنىڭ بىۋاسىتە ئۈنۈمى ئۆز-ئۆزىدىنلا مەلۇم. بىراق ھازىرقى ۋە ئىلگىرىكى ئەھۋالدا كىشىلەر بۇ خىل دورىلارنىڭ پاسسىپ رولى ۋە يېقىن-يىراق ئاقىۋىتىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي كەلدى. نەتىجىدە تۈرلۈك زەھەرلىك ماددىلار مۇھىتقا كەڭ تارقالدى ۋە توپلاندى. «DDT» كەڭ ئىشلىتىلگەن (ئەۋجىگە چىققان) 25 يىل داۋامىدا، تەخمىنەن بىر مىليون 500 مىڭ توننا زەھەرلىك ماددا مۇھىتقا كىردى، ئۇنى تۆۋەنلىتىش ناھايىتى ئاستا بولغانلىقتىن، ھازىر يەر شارى بويىچە تېخى ئۈچتىن ئىككى قىسمى ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئامېرىكىدا «DDT» ئىشلىتىش خېلى بۇرۇنلا مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بالا ئېمى-

تمۇاتقان ئايا للارنىڭ سۈتىدە ھېلىمۇ «$DDT$» مەۋجۇت ئىكەن. بۇنىڭدىن دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر لۇقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

جايلىرىمىزدا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىش تۈپەيلىدىن ئادەم، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى، ئىت، مۈشۈك، پايدىلىق ۋەپايدىسىز قۇشلار ئۆلۈش ئىشلىرى تېخىچە ئاز ئەمەس، ھەتتاكى كىشىلەر ئارا بىر - بىرىگە قەست قىلىپ، بىر-بىرىنى ۋە باشقىلارنىڭ چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى، ئىت، مۈشۈكلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان، دېھقانچىلىق دورىلىرى قاچىلانغان قاپ، بوتۇلكىلارنى كۆل - كۆلچەكلەردە ياكى ئېرىق - ئۆستەڭلەردە يۇيىدىغان، يۇيۇپ بولۇپلا يېمەكلىككە ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئۆزلىرى ياتقان ياكى ئاشلىق قويغان ئورۇنلاردا ساقلايدىغان، ئومۇمەن ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىگە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرىگە سەل قارايدىغان ئىلمىي بولمىغان قاراشلار ۋە ئىدىيىۋى ھالەت خېلى زور دەرىجىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، زىيان - پايدىسىنى ئوبدان ئويلاش ئارقىلىق، ئىنسانلار ياشاۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى، تۇپراقنى، سۇغىرىش، سۇ قاچىلاش ئەسلىھەلىرىنى قوغداپ ۋە مۇھاپىزەت قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك تەدبىرنى تۇزۇپ چىقىپ، دېھقانچىلىق دورى-

لىرىنى ئىشلىتىشنى تەدرىجىي ھالدا ئازايتىپ، ئىشلەت-
كەندە توغرا، مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، ئۇنى ئىشلىتىشنى تەد-
رىجىي تاشلاپ، ئېكولوگىيە ئاساسى بولغان يېزا ئىگى-
لىكى ياكى مۇھىتنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. سوۋېت
ئىتتىپاقى پاختىچىلىق ۋە شېكەر قومۇشنى ئىشلەپچىقى-
رىدىغان رايونلاردا 1980 - يىلىدىن باشلاپ دېھقان-
چىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان. دېمەك،
ئۇلار دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا
بولغان تەسىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنى چەكلەپ، كېۋەزلىكلەر-
دىكى كۆك پىتنى زاۋۇتلاردا بېقىپ كۆپەيتكەن قىزىل
كۆز ھەرە ئارقىلىق يوقاتقان.

ئومۇمەن، پايدا - زىيانغا سەۋەبچى بولىدىغان،
ئامەت بىلەن ئاپەت تەڭ بولىدىغان جەريانىنى داۋاملاش-
تۇرۇۋېرىش ئىنسانىيەتكە ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ.
يېشىل ئۆسۈملۈكلەر بولمىسا ھايۋانات-لارنىڭ بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا ئىنسانلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرالمايدۇ. بۇنى ئەستايىدىل چۈشىنىشىمىز لازىم،
ئەلۋەتتە.

## 44. تراكتورنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇللىرى

تراكتورلارنى رېمونت قىلىش ۋە ئىشلىتىشتە،
تراكتورىستلار ئۆگىنىۋېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەپچىل
ئۇسۇللار بار:

1) چاقىنىڭ ئىچ كامېرى تېشىلىپ قېلىپ، دەرھال قىزىتىپ ياكى قاقلاپ ياماشقا ئىمكانىيەت بولمىسا، دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان پلاستىر بىلەن يەلىمىسە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تۆشۈكنىڭ چۆرىسى پولات ھەرە تىغى ياكى ئېكەك بىلەن پاكىز قىرىلىدۇ، تۆشۈكتىن چوڭراق پلاستىر يۇمىلاق كېسىپ چاپلىنىدۇ، ئاندىن ئۇستىگە يەنە بىر قەۋەت چوڭراق پلاستىر چاپلىنىدۇ. مۇشۇنداق بەش - ئالتە قېتىم باستۇرۇپ چاپلىسا، تۆشۈك ئېتىلىپ قالىدۇ.

2) ئېتىزدا مەشغۇلات قىلىۋاتقاندا چاقىقا زىرائەت يىلتىزى قاتارلىق نەرسىلەر سانجىلىۋالغاندا، ئەگەر ئېغىر دەرىجىدە يەل قاچمىسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېتىزلىقتا ياماشقا شارائىت بولمىسا، سانجىلىۋالغان نەرسىنى دەرھال يۇلۇپ چىقىرىۋەتمەسلىك لازىم. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تراكتورنىڭ يۈكىنى چۈشۈرۈپ، ئېتىزدىن ئاستا ھەيدەپ چىقىرىپ، مۇۋاپىق جايغا بارغاندىن كېيىن ئاندىن سانجىلىۋالغان نەرسىنى چىقىرىۋېتىپ رېمونت قىلىش كېرەك.

3) بەزى يۇمشاق قىستۇرمىلار، مەسىلەن، كۆپسىلىندىرلىق ماتورنىڭ كلاپان كامېرىدىكى قاپقان قىستۇرمىسىنىڭ ھىملىقى گەرچە ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن چۈرۈك بولۇپ، بىرەر نەرسىگە تېگىپ كەتسىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر سۇ بىلەن نەمدەپ قويسا، ئەۋرىشىملىكى ئېشىپ، ئاسانلىقچە سۇنۇپ كەتمەيدۇ.

4) چاقتىكى نىپىلنىڭ قالپىقى چۈشۈپ قالسا،

ئىچىگە توپا كىرىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا توم - ئىنچىكىلىكى نىپىلدىن پەرقلەنمەيدىغان يۇمشاق سۇلياۋ نەيچىدىن مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، بىر ئۇچىنى ئوتقا قاقلاپ يىمىرىپ، يەنە بىر ئۇچىنى نىپىلگە كىيدۈرۈپ قويسا توپا كىرمەيدۇ.

5) يۇقىرى بېسىملىق ماي تۇرۇبىسىنى ماي پۈركۈگۈچ ۋە يۇقىرى بېسىملىق ماي پومپىسى بىلەن ئۇلاشتا، ماي تۇرۇبىسىدىكى بۆرتمە باشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ئويۇقلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىشىنىڭ توغرىلىقى، شۇنداقلا تۇرۇبىنى تۇتاشتۇرغۇچى گايكىنىڭ چىڭىتىش كۈچىگە تايىنىپ ھىملاشتۇرۇلىدۇ. بۆرتمە باش بىلەن ئويۇق ئوتتۇرىسىدا قىستۇرما بولمىغاچقا، بۆرتمە باش بىلەن ئويۇق ئۆپىرىغاندىن كېيىن ئاسان ماي ئاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرى بېسىملىق ماينى ئادەتتىكى ئۇسۇل بىلەن ئۈنۈملۈك توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر كېرەكسىز سىلىندىرنىڭ قىستۇرمىدىن يۇمىلاق شەكىلدە كېسىپ، ئوتتۇرىسىغا كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، بۆرتمە باش بىلەن ئويۇقنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويسا، ماي ئاقمايدۇ.

6) چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارنىڭ يېقىلغۇ ماي يولى نەيچىسىنىڭ بەزىلىرى قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، ئەگرىلىكى ئازراقلا مۇۋاپىق كەلمىسە، قۇراشتۇرغاندىن كېيىن ماشىنا گەۋدىسى ياكى باشقا زاپچاسلار بىلەن تېگىشىپ، ماشىنىنىڭ تەۋرىنىشى بىلەن سۈركىلىپ ئۆپراپ كېتىدۇ. ئۇ بەك قاتتىق بولغاچقا،

توغرىلاش تەس بولىدۇ. يېقىلغۇ ماي نەيچىسىنى بوشى-تىپ چىقىرىۋېتىپ، تۈزەيدىغان يېرىنى ئۇتتا قىزارغۇچە قىزدىتىپ، سوغۇق سۇغا سېلىپ تېز سوۋۇتسا يۇمشايدۇ-دە، ئاسان توغرىلىغىلى بولىدۇ.

7) كىچىك تىپتىكى تراكتورلارنىڭ ماخوۋىكى ئۇزاققىچە چىقىرىلمىغان بولسا، كۆپ ھاللاردا چىڭقىپ كېتىدۇ. ئۇنى چىقىرىش ئۇچۇن بوشاتقاندا دەسلەپتە مىدىرلىمايدۇ. لېكىن بوشىغان ھامان تۇيۇقسىز سىرتقا قاڭقىپ چىقىپ، ئادەمنىڭ پۇت-قوللىرىنى ئاسانلا زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ. چىقىرىدىغان چاغدا ماخوۋىك-نىڭ گايكىسى بوشىغاندىن كېيىن گايكىنى چىقىرىۋەت-مەي تۇرسا، ماخوۋىكنىڭ سىرتقا قاڭقىپ چىقىپ كېتى-شىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## 45. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى — يەملەش

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرى بۇزۇلسا، ئادەتتە، يەڭگۈشلەش ياكى كەپشەرلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ رېمونت قىلىنىدۇ. ھازىر بىر خىل يېڭى تېخ-نىكا — يەملەش مەيدانغا چىقتى. بۇنى ئىشلىتىش ئوڭاي، ئۇنۇملۇك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، تەننەر-خىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتە يېڭى زاپچاس باھاسىنىڭ بەش پىرسەنتى ياكى كەپشەرلەپ رېمونت قىلىش چىقى-مىنىڭ يېرىمىغىلا توختايدۇ.

ئادەتتە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاپچاسلىرىنى رېمونت قىلىشتا ئىشلىتىلىۋاتقان يېلىملار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «T—1» تىپلىق ھىملەشتۈرگۈچى يېلىم. بۇ مۇھىمى سېزىشنى توختىتىش، ھىملەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «J—04» يېلىمى مۇھىمى تورموز تاسمىسى، مۇفتا (لىخىپچى) دېسكىلىرىنى يەملەشكە ئىشلىتىلىدۇ. 1 –، 2 – نومۇرلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېلىمى مۇھىمى مېتال، ئەينەك، چاقچۇق، ياغاچ زاپچاسلارنى يەملەشكە ئىشلىتىلىدۇ. تراكتورنىڭ ماي باكى رادىئاتورى ۋە ماي يوللىرىنى ھىملەشتۈرۈپ، ساقىشنى توسۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا قۇيما زاپچاسلار ئۈستىدىكى قۇم پاتقان، گاز توشقان جايلاردىكى ئويمان - چوڭقۇرلارنى تولدۇرۇشقىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، تراكتور رادىئاتورىدىكى ئىسسىقلىق تارقاتقۇچى تۇرۇبىدىن سۇ سېزىلىدىغان بولسا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن سۇ سېزسا بىۋاستە كەپشەرلەش قىيىن. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا ئاددىي، ئوڭاي بولغان يەملەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

يەملەشتە ئالدى بىلەن، قىسىلغان ھاۋا ئارقىلىق سايماننىڭ سىرتقى يۈزىدىكى كىر، توپىلارنى تازىلىۋېتىپ، ئاتسېتون بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئاندىن ئاقمىدىغان، سېزىدىغان جايلارغا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان 2 – نومۇرلۇق يېلىم يېپىشتىلىش بىلەن، ئازراق قىزدۇرۇپ سىڭدۈرۈپ كىرگۈزۈلىدۇ. يېلىم قۇرۇغاندىن كېيىن سېزىدىغان جايلار ئېتىلىدۇ.

تراكتورنىڭ ئاپتول باكىنىڭ يېرىقلىرىنى يەملەشتە، ئالدى بىلەن يېرىق ئەتراپىدىكى ماي، كىر، چاڭ ـ توپلارنى تازىلىۋېتىپ، ئاندىن يېرىقنىڭ ئىككى بېشىغا دىئامېتىرى ئۈچ مىللىمېتىر بولغان يېرىق توسقۇچى تۆشۈك تېشىۋېلىپ، يەملىنىدىغان يۈز قۇم قەغەز بىلەن پاكىز سۈرتۈلىدۇ. ئاندىن ئاتىستون بىلەن يۇيۇپ سۈرتۈلۈپ، ئوت پۈركۈگۈچ بىلەن قىزدىتىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، يېرىقچىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر يېرىقچە باكىنىڭ ئىش يۈزىدە بولمىسا، چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئەينەك تالالىق رەختتىن كېسىۋېلىپ، سۈرتۈپ تازىلانغان يەملەش يۈزىگە 1 ـ نومۇرلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېلىمىدىن يېيىتىپ، ئاندىن ئۈستىگە ئىككى قەۋەت ئەينەك تالالىق رەخت چاپلاپ ئەسلى ماشىنىدىكى ئورنىغا بېكىتىپ قېتىشقاندىن كېيىن رۇسلاپ ياسىۋەتسىلا بولىدۇ. ئەگەر يېرىقچە باكىنىڭ ئىش يۈزىدە بولسا، بىۋاستە چاپلىغاندا ھىم تۇتۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن يېرىقچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېكەك، قەلەم، (تۆمۈر ئىسكىنىسى) ئارقىلىق ئۈچ مىللىمېتىر كەڭلىكتە بىر مىللىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئوقۇر ئويۇپ چىقىرىۋېلىپ، سىرتقى يۈزىنى قىزدۇرۇپ، بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، سۇيۇق يېلىم يەملەش يۈزىگە يېيىتىلىپ، ئەينەك تالالىق رەخت چاپلىنىدۇ. بۇ جاي ئەسلىدىكى ئىش يۈزىدىن سەل ئېگىزلىگەندىن كېيىن، بىر قەۋەت يېلىم سۈركەپ قاتقاندا يەنە ئېكەك ۋە قۇم قەغەزلەر بىلەن سىلىقلىتىپ ئەسلىدىكى ئىش يۈزى بىلەن ئوخشاش تەكشىلىنىدۇ.

# 46 . دامكراتسىز چاق ئالماشتۇرۇش

كىچىك تىپتىكى تراكتورلار بىنەم يەرلەردە رېزىنكە چاق بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما سۇلۇق ئېتىزلاردا مەشغۇلات ئىشلىگەندە، تۆمۈر چاق ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا دامكرات بولمىسا، چاقنى قانداق ئالماشتۇرىسىز؟

بىر پارچە ياغاچ تاختاينى (كەڭلىكى 17 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 103 — 106 مېتىر) بىر چاقنىڭ ئالدىغا قويۇپ، تاختاينىڭ ئالدى ئۇچىغا تاش ياكى قېلىن چاسا ياغاچ قىستۇرۇپ، تراكتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، خوتقا سېلىپ، قول بىلەن ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، بىر چاقنى ياغاچ تاختاينىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، مۇۋاپىق ئورۇنغا كەلگەندە توختىتىش بىلەن، چاقنى يەردىن 10 — 13 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرىمىز. ئالدى كۆتۈرۈلگەن چاق تەرەپتىكى ھەرىكەت ئۇزىتىش ساندۇقىنىڭ ئاستىغا تاش ياكى ياغاچ قىستۇرۇپ تىرەپ قويۇپ، دەسلەپتە قويغان ئۇزۇن ياغاچنى تارتىۋالىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر پاي چاق بوشلۇقتا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ - دە، چاق ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، چاق ئالماشتۇرغاندا چوقۇم چاقنىڭ گۈلىگە دىققەت قىلىش كېرەك. تراكتورنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ چاقىغا قارىغاندا، ئەگەر چاقنىڭ گۈلى تەتۈر V ھەرىپى (Λ) شەكلىدە بولسا،

تۆمۈر چاقنىڭ قاناتلىرى ئارقىغا قايرىلغان ھالەتتە سېلىنىشى كېرەك. ئەگەر چاق تەتۈر سېلىنىپ قالسا ئۇنىڭ يەرنى قاماش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىپ، سۇلۇق ئېتىزلارغا كىرگەندە «لاي قېزىش ماشىنىسى» غا ئايلىنىپ قېلىپ لايغا پېتىۋالىدۇ. شۇڭا چاقنى خاتا سېلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشقا قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

## 47. سېيالكا مەشغۇلاتىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ۋە مەشغۇلات سۈپىتىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللار

سېيالكا مەشغۇلاتىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

1) ئۇرۇق سېلىش پەرقى (ئۆلچەمدىن ئارتۇق ـ كەملىك پەرقى) ئىككى ـ ئۈچ پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم؛ 2) ھەر بىر قۇرغا چۈشىدىغان ئۇرۇقنىڭ مىقدارى تەكشى بولۇشى، تەكشى چۈشمەسلىك پەرقى تۆت پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم؛ 3) تېرىش چوڭقۇرلۇقى تەكشى، بىردەك بولۇشى، پەرقى بىر سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم؛ 4) ئۇرۇق قۇرلىرى تۈز، قۇر ئارىلىقلىرى بىر خىل بولۇشى، قۇر ئارىلىق پەرقى بىر سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، سېيالكا گۇرۇپپىسىدىكى چاتما سېيالكىلارنىڭ قۇر ئارىلىق پەرقى ئىككى سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ تەكرار يۈرگەندىكى تۇتىشىش قۇر ئارىلىقى پەرقى 2.5 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم؛

5) ئۈنۈملۈك باش ـ ئاخىرى ۋە ئىككى يېنىغا ئۇرۇق تولۇق سېلىنىشى، چالا قالماسلىقى ياكى ئۇرۇق تەكرار سېلىنماسلىقى لازىم.

## ئۇرۇق سېلىش سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

### 1. ئۇرۇق مىقدارى توغرا بولماسلىق

ھەر مو يەرگە سېلىنغان ئۇرۇق مىقدارىدىكى پەرق چوڭ دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىغاندا ئىككى ـ ئۈچ پىرسەنتتىن، ئۇششاق دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىغاندا ئۈچ ـ تۆت پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر پەرق مۇشۇ قىممەتتىن ئېشىپ كەتسە، ئۇرۇق سېلىش مىقدارى توغرا بولمىغان ھېسابلىنىدۇ. ھەر مو يەرگە سېلىنغان ئۇرۇق مىقدارى بەك ئاز بولۇپ قالسا، تۈپ سانى ئازىيىپ كېتىپ، مەھسۇلاتى كېمىيىپ كېتىدۇ. ئۇرۇق مىقدارى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولسا، زىرائەت تۈپلىرى زىچ بولۇپ كېتىپ، تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار يېتىشمەسلىك، شامال، يورۇقلۇق ئۆتۈشۈشچانلىقى ياخشى بولماسلىق تۈپەيلىدىن ياخشى ئۆسەلمەي، ئاسانلا مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىدۇ ھەم ئۇرۇق ئىسراپچىلىقىمۇ بولىدۇ.

سەۋەبلىرى: 1) سېيالكىنىڭ ئۇرۇق چىقىرىش بەرگۈچى قۇرۇلمىسىنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى ناچار ياكى ئۇرۇق مىقدارىنى تەڭشەش قۇرۇلمىسى ئىقتىدارىنى يوقاتقان؛ 2) ئۇرۇق سېلىش مىقدارىنى سىناق قىلىش

ئەستايىدىل بولمىغان، ئۇرۇق مىقدارىنى تەڭشەش قۇرۇلمىسى توغرا تەڭشەلمىگەن؛ 3) مەشغۇلات جەريانىدا ئۇرۇق ساندۇقىغا قاچىلانغان ئۇرۇق بەك ئاز بولۇپ، بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىكىدىن 20 پىرسەنت ئاز قاچىلانغان؛ 4) ئۇرۇق پاكىز تازىلانمىغان بولۇپ، چوڭ-كىچىك ئارىلاشمىلار ئۇرۇق چىقىرىپ بېرىش ئەسۋابىنىڭ ئۇرۇقنى نورمال چىقىرىپ بېرىشىگە تەسىر يەتكۈزگەن؛ 5) ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ يۈرۈش سۈرئىتى بەك تېز ياكى ئاستا بولۇپ، سىناق قىلىپ تەڭشىگەن ۋاقىتتىكى سۈرئەت بىلەن بىردەك بولمىغان؛ 6) پەس، ئويمان ئېتىزلارنى تېرىغاندا ياكى ھۆل - يېغىندىن كېيىنلا تېرىغاندا، تۇپراقنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولغاچقا، سېيالكا چاقىنىڭ تېيىلىش كوئېففىتسېنتى بەك چوڭ بولغان ياكى چاق گىرۋىكىگە لاي بەك قېلىن چاپلىشىۋالغان؛ 7) ئۇرۇققا ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ تېرىغاندا، ئارىلاشتۇرۇش تەكشى بولمىغان ياكى ئۇرۇق چىقىرىش ئەسۋابى ئىچىگە يىغىلىپ قالغان ئوغۇت ئۆز ۋاقتىدا تازىلانمىغان.

بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى:

1) مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى سېيالكىنى ئەستايىدىل رېمونت قىلىپ، ئۇرۇق چىقىرىپ بېرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۇرۇق تەڭشەش قۇرۇلمىسىنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم. ئۇرۇق چىقىرىپ بېرىش ئەسۋابى ئۇرۇق ساندۇقىنىڭ ئاستى قىسمىغا مەھكەم ئورنىلاشتۇرۇلۇشى، ساندۇق ئاستى بىلەن ئۇرۇق چىقارغۇچى

ئارىسىدىكى يوچۇق بىر مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئورۇق چىقىرىپ بېرىش ئەسۋابىنىڭ ئوقى تۈز بولۇشى لازىم. ئورۇق چىقىرىپ بېرىش ئەسۋابىنىڭ توسقۇچ غالتىكىنى تولۇق ياپقاندا، ئورۇق مىقدارىنى تەڭشەش دەستىسى شكالىلىق دېسكىدىكى «0» نى كۆرسىتىشى، ئورۇق چىقىرىپ بېرىش ئەسۋابىنى تولۇق ئاچقاندا، تەڭشەش دەستىسى ئەڭ يۇقىرى چەك ئورنىنى كۆرسىتىشى لازىم. ئورۇق تەڭشەش ئەسۋابى ئورۇق ساندۇقىنىڭ ئارقا تەرىپىگە مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تەڭشەش دەستىسىنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىش مۇساپىسى شكالا دېسكىسىنىڭ بىر سىزىقچىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئورۇق چىقىرىش غالتىكى مۇكەممەل، چىشلىرى تولۇق بولۇشى لازىم. ئورۇق چىقىرىش ئەسۋابىنىڭ تالالىق توسۇش شايىبىسى بىلەن ئايلانما قاپقاقنىڭ ئارىلىقى 0.5 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئورۇق چىقىرىش ئوقۇرى غالتىكى بىلەن مۇفتىنىڭ ئوق ئۈستىدىكى دىئامېتىر يۆنىلىشلىك ئارىلىقى 1.5 مىللىمېتىردىن، ئۇچلىرىنىڭ ئارىلىقى 0.5 مىللىمېتىردىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

2) ئورۇق تەڭشەش ئەسۋابى ئۈستىدىكى ئورۇق چىقارغۇچى چاسا ئوقنى تەۋرەتكۈچى يېرىم چەمبەر شەكىللىك تاختاي ئاسانلا ئۇپراپ، ئارىسى چوڭىيىپ كېتىدۇ، ئورۇق چىقارغۇچى چاسا ئوق ئوڭايلا بوشاپ كېتىدۇ. بۇلار ئورۇق سېلىش مىقدارىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش ئۇسۇلىنى

قوللىنىشقا بولىدۇ: بىرى، ھەر بىر سىپىيالىكىغا باشقىدىن يەنە بىر ئۇرۇق تەڭشەش ئەسۋابىنى ئورنىتىپ، ئۇرۇق مىقدارىنى ئىككى دانە تەڭشەش ئەسۋابى ئارقىلىق تىز-گىنلەشكە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، سىپىيالىكىنىڭ ئۇرۇق چىقار-غۇچى چاسا ئوقىغا ئوق يۆنىلىشىدە بىر دانە سىلجىشنى چەكلەش ئەسۋابىنى ئورنىتىش ئارقىلىق ئۇرۇق سېلىش مىقدارىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

3) سىپىيالىكىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ياكى مەشغۇلاتنى باشلىغاندا، تېرىش سىنىقى ۋە تەڭشەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەش لازىم.

4) ئۇرۇق چىقىرىش غالتىكىنىڭ ئورنى ۋە ئۇرۇق ساندۇقىدىكى ئۇرۇقنىڭ مىقدارىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇ-رۇش ھەمدە ئۆلچەم بويىچە ئۇرۇق قاچىلاش، ئوخشاش ئارىلىقلاردىكى ئۇرۇقنىڭ چۈشۈش مىقدارىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم.

5) مەشغۇلات جەريانىدا ماشىنا گۈرۈپپىسىنىڭ نورمال سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىمكان قەدەر ئۇرۇقنى تەكشى سۈرئەتتە سېلىش لازىم. يانتۇلۇقى چوڭ-راق ئېتىزلاردا سىپىيالىكا پەس يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغاندا ئۇرۇق چىقىرىپ بېرىش ئەسۋابىدىن چىقىدىغان ئۇرۇق مىقدارى ئازىيىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇق مىقدارىنى مۇۋاپىق ھالدا كۆپەيتىش، ئەكسىچە بولغاندا مۇۋاپىق كېمەيتىش لازىم.

6) سىپىيالىكا چاقىغا لاي قىرغۇچنى مەھكەم ئورنىتىپ، چاققا چاپلىشىۋالغان لايلارنى ئۆز ۋاقتىدا تازىلاشقا

كاپالەتلىك قىلىش، چاق دىئامېتىرىنىڭ چوڭىيىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۇرۇق سېلىش مىقدارى ئازىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

7) ئۇرۇقنىڭ ساپلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئۇرۇقتا باشقا ئارىلاشمىلار بولماسلىقى، ئەگەر ئۇرۇققا ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىشقا توغرا كەلسە، ئاۋۋال ئۇرۇق بىلەن ئوغۇتنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەشغۇلات جەريانىدا ئۇرۇق چىقىرىپ بېرىش ئەسۋابىغا يېغىلىۋالغان ئوغۇت قالدۇقلىرىنى دائىم تازىلاپ تۇرۇش لازىم.

## 2. ئۇرۇقنى تەكشى سالماسلىق

سېيالكىدىن تۇپراق ئىچىگە چۈشكەن ئۇرۇق بەزىدە ئاز، بەزىدە كۆپ بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ چۈشۈش مىقدارى بىردەك بولماي، پەرق تۆت پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتسە، ئۇرۇق تەكشى سېلىنمىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈشكەن ئۇرۇق بەزىدە شالاڭ، بەزىدە قويۇق بولۇپ كەتسە، مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى تەكشى سۈمۈرۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۆسۈشى تەكشى بولماسلىق تۈپەيلىدىن مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى:

1) ھەرقايسى ئۇرۇق چىقىرىپ بېرىش ئەسۋابلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى ئوخشاش ئەمەس، ئۇرۇق چىقىرىش غالتەكلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەكشەش تىلىنىڭ ئېچىلىشى بىردەك ئەمەس ياكى ئايرىم ئۇرۇق چىقىرىپ بېرىش چاقلىرىنىڭ چىشلىرى سۇنغان.

2) مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى ھەرقايسى ئۇرۇق چىقىرىپ

بىرىش ئەسۋابلىرىنىڭ ئۈزۈك سېلىش تەكشىلىك دەرىب جىسىنى تەڭشەش سىنىقى توغرا بولمىغان؛

3) ھەرقايسى ئۈزۈك چىقارغۇچى غالتەكلەرنىڭ ئۈچى ياكى تەڭشەش تىلىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى پورشىنىنىڭ ئېلاستىكىلىقى بىر دەك بولماي، بەزىلىرىنىڭ قاتتىق، بەزىلىرىنىڭ يۇمشاق بولۇپ قالغان؛

4) سېپىلىكىنىڭ ئىككى چاقىغا چاپلىشىدىغان لايلارنىڭ قېلىنلىقى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، چاقلارنىڭ دىئامېترىمۇ ئوخشاش بولمىغان؛

5) ئۈزۈكتە ئارىلاشمىلار بەك كۆپ بولغانلىقتىن ياكى ئۈزۈك بىلەن ئوغۇت تەكشى ئارىلاشتۇرۇلمىغانلىقتىن، ئايرىم ئۈزۈك چىقىرىپ بىرىش ئەسۋابلىرىنىڭ نورمال خىزمىتىگە تەسىر يەتكەن.

بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى:

1) مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى سېپىلىكىنىڭ ئۈزۈك چىقىرىپ بىرىش قۇرۇلمىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىپ، ھەرقايسى زاپچاسلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۈزۈك چىقىرىپ بىرىش ئەسۋابلىرىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇش ئورنى ۋە ئارىلىقى، ھەرقايسى ئۈزۈك چىقارغۇچى غالتەكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئارىلىقلىرى بىر دەك بولۇشى، ئۇزۇن ئۈزۈك چىقىرىش غالتەكلىرىنى چاقلىۋېتىش، چىشى سۇنۇپ كەتكەنلىرىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

2) ئۈزۈك سېلىش مىقدارىنى سىناق قىلىپ تەڭشەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ئۈزۈك چىقىرىپ

بىرىش ئەسۋابلىرىنىڭ ئۇرۇق سېلىش مىقدارىنى سىناق قىلىش ۋە رەسمىي تەڭشەشنى ئەستايىدىل ئىشلەش، ھەر قايسى قۇرلارغا سېلىنىدىغان ئۇرۇقنىڭ تەكشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3) مەشغۇلات جەريانىدا ھەر قايسى ئۇرۇق چىقىرىش غالتەكلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇق چىقىرىش ئۈزۈنلۈكىنى دائىم تەكشۈرۈپ، بىردەك قىلىش لازىم. ئۇرۇق ساندۇقىنىڭ قاپقىقىنى پات - پات ئېچىپ، ھەرقايسى ئۇرۇق چىقىرىش ئەسۋابلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇرۇق قەۋىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى دائىم كۆزىتىپ تۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ھەر قايسى ئۇرۇق چىقىرىپ بىرىش ئەسۋابلىرىدىن چۈشۈۋاتقان ئۇرۇقنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى ئېنىقلاپ، مەسىلە كۆرۈلسە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

4) سېپىلكا چاقىدىكى لاي قىرغۇچنىڭ ئۈنۈمىدىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم.

5) ئۇرۇق تازىلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئۇرۇقتىكى ئارىلاشمىلارنى قالدۇرماي تازىلىۋېتىش لازىم. ئەگەر ئۇرۇق بىلەن ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىشقا توغرا كەلسە، تەكشى ئارىلاشتۇرۇش لازىم. مەشغۇلات داۋامىدا ئۇرۇق چىقارغۇچقا يېپىشىپ قالغان ئوغۇت قالدۇقلىرىنى داۋاملىق تازىلاپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم.

3. تېرىش چوڭقۇرلۇقى توغرا بولماسلىق

ئۇرۇق سالغاندا سېپىلكىنىڭ چۆنەك ئاچقۇچلىرى ئاچقان چۆنەكنىڭ چوڭقۇرلۇقى: بەزىلىرى چوڭقۇر، بەزىلىرى تېيىز بولۇپ قېلىپ، تېرىش چوڭقۇرلۇقى بەلگە

لەنگەن تېرىش چوڭقۇرلۇقىدىن ئېشىپ كېتىپ ياكى
ئۇنىڭغا يەتمەي، ئۆلچەمدىكىگە سېلىشتۇرغاندا پەرق بىر
سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، تېرىش چوڭقۇر-
لۇقى توغرا بولمىغان بولىدۇ.

كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى:

1) سېيالكىنىڭ لىم رامى، كۆتۈرۈش - چۈشۈرۈش
قۇرۇلمىسى ۋە چۆنەك ئاچقۇچلارنىڭ تېرەك رامىنىڭ
شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن؛ 2) چۆنەك ئاچقۇچ نورمال
بولمىغانلىقتىن، تەلەپ قىلىنغان تېخنىكىلىق ھالەتكە
يەتمىگەن؛ 3) يەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن،
سېيالكىغا چوڭقۇرلۇق ۋە تېيىزلىقىنى تەڭشەپ تۇرغۇچى
چاق ئورنىتىلمىغان؛ 4) يەر تەكشى تۈزلەنمىگەن، مە-
سىلەن، يەرنىڭ تۈزلىنىش سۈپىتى ناچار بولۇش، تۇپ-
راق ھەددىدىن زىيادە نەم ياكى ھەددىدىن زىيادە قۇرۇق
بولۇش، يەر ئېگىز - پەس، ئوي - دۆڭ بولۇپ قېلىش
قاتارلىقلار؛ 5) سېيالكىنىڭ يۈكى ئۆلچەمدىكىدىن ئېشىپ
كېتىش ياكى ئاز بولۇپ قېلىش؛ 6) مەشغۇلات سۈرئىتى
بەك تېز ياكى ئۇرۇق سېلىش يۆنىلىشى مۇۋاپىق بول-
ماسلىق قاتارلىقلار.

بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى:

1) مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى سېيالكىنى ئەستايىدىل
تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىپ، رام، چۆنەك ئاچقۇچ ۋە
ئۇزارغۇچى - قىسقارغۇچى دەستىسىنىڭ تېخنىكىلىق ھالى-
تىنى ياخشىلاش لازىم. رام ئېگىلمىگەن بولۇشى ھەم ئەگ-
رى بولۇپ قالماسلىقى، چۆنەك ئاچقۇچ لىمى بىلەن

سۆرەش لىنىيىسىنىڭ ئەگرىلىك دەرىجىسى ئون مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئالدى ۋە ئارقىدىكى لىنىيىلارنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان كۈچەيتكۈچى چىۋىقلارنى چىڭ تارتىپ، ئاساسىي لىنىيىنىڭ ئەگرىلىكىنى تۈزلەش، چۆنەك ئاچقۇچتىكى ئۈچ قىرلىق تارتقۇ تولغىنىپ ياكى ئېگىلىپ قالمىغان بولۇشى، ھەر قايسى چېتىلغان نۇقتىلار ئەركىن ئايلىنالايدىغان بولۇشى لازىم. چۆنەك ئاچقۇچ دىسكىسىنىڭ ئايلىنىشى راۋان بولۇشى، دىسكا بىلەن چۆنەك ئاچقۇچ كەۋدىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئۈچ مىللىمېتىردىن كىچىك بولماسلىقى، دىئامېتىر يۆنىلىشىدىكى ئۇپراش قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتىردىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى، بىستا ئۇپراپ، كەمتۈك بولۇپ قالغان جاي ئۈچتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، كەمتۈك چوڭقۇرلۇقى 1.5 مىللىمېتىردىن، كەڭلىكى 15 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، بىس يانتۇ يۈز كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىردىن سەككىز مىللىمېتىرغىچە بولۇشى، بىس قېلىنلىقى 0.5 مىللىمېتىردىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك. چۆنەك ئاچقۇچى دىسكىسىنىڭ كونۇس شەكىللىك گەۋدىدە ئايلىنىشى ئەركىن، سىلىق بولۇشى، قىسىلىپ قالىدىغان، توسالغۇغا ئۇچرايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەسلىكى لازىم. چۆنەك ئاچقۇچ دىسكا بىلەن لاي قىرغۇچ ئارىسىدىكى يول قويۇلىدىغان ئارىلىق پەرقى ئىككى مىللىمېتىر بولسا بولىدۇ. ئىچكى - تاشقى كونۇسىمان گەۋدە يانتۇ شەكىللىك ئۇپرىغاندا ئوڭ - سول تەرەپتىكىلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش ياكى يەڭگۈشلەش لازىم.

ئۈزارتىش - قىسقارتىش دەستىسى تۈز بولۇشى، ئېگىلىپ-
تولغىنىپ كەتمىگەن ھەمدە دەز كەتمىگەن بولۇشى لازىم.
2) يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ماشىنا گۇرۇپ-
پىسىنىڭ يۈرۈش يۆنىلىشىنى مۇۋاپىق تاللاش كېرەك.
3) تېرىش چوڭقۇرلۇقىنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن، سېيال-
كىدىكى ئاسان كۆرگىلى بولىدىغان بىر چۆنەك ئاچقۇچ
دېسكىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا گىرۋىكىدىن ئىچىگە قاراپ
ئايرىم - ئايرىم ئۈچ سانتىمېتىر ۋە بەش سانتىمېتىر
ئارىلىق قالدۇرۇپ ئىككى دانە چەمبەر سىزىپ، تېرىش
چوڭقۇرلۇقىنى تەڭشەشنىڭ ئۆلچىمى قىلسىمۇ بولىدۇ.
4) مەشغۇلات جەريانىدا سېيالكىدا باشقۇرغۇچى زېھنىي
كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تۇپراق شارائىتىغا ئاساسەن
چوڭقۇر - تېيىزلىقىنى تەڭشەش چاقىنى ئۆز ۋاقتىدا
تەڭشەپ، چۆنەك ئاچقۇچنىڭ تۇپراققا كىرىش چوڭقۇر-
لۇقىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش لازىم. تۇپرىقى قاتتىقراق
يەرلەرگە ئۇرۇق سالغاندا، ئەگەر چۆنەك ئاچقۇچتىكى
ئۇزارتىش - قىسقارتىش دەستىسىدىكى پورشىنىنىڭ
بېسىم كۈچى يېتەرلىك بولماي، چۆنەك ئاچقۇچنىڭ تۇپ-
راققا پېتىشى بەك تېيىز بولۇپ قالسا، پورژىنىنىڭ
بېسىم كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا، پورشىنىنى چەك-
لەپ تۇرىدىغان كرېست شەكىللىك قىستۇرما بىلەن «$M$»
شەكىللىك چۆلۈكنى چىقىرىپ يۇقىرىراق يۆتكەپ، چۆنەك
ئاچقۇچنى ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن تۇپىغا پاتالايدىغان
قىلىش لازىم. 5) مەشغۇلات سۈرئىتىنى مۇۋاپىق تاللاش
لازىم.

### 4. تېرىش چوڭقۇرلۇقى تەكشى بولماسلىق

سېيالكا گۇرۇپپىسىدىكى ھەرقايسى چۆنەك ئاچقۇچلارنىڭ تۇپراققا سالغان ئۇرۇق چوڭقۇرلۇقى ئوخشاش بولماي، بەزىلىرى چوڭقۇر، بەزىلىرى تېيىز سېلىنىپ، ئۆزئارا ئىككى سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتسە، تېرىش چوڭقۇرلۇقى تەكشى بولمىغان بولىدۇ.

كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى: 1) سېيالكا رامىسى، يۆرگۈچى چاقى، چوڭ ئوق ۋە كۆتۈرۈپ چۈشۈرگۈچى تۆت قىرلىق ئوقىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئايرىم چۆنەك ئاچقۇچ، ئۇزارتىش-قىسقارتىش دەستىسى ۋە تېرەك يەلكىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى ياخشى ئەمەس؛ 2) سېيالكىنىڭ چاتقۇچىدىكى چېتىلىش نۇقتىسى ھەددىدىن زىيادە ئېگىز ياكى ھەددىدىن زىيادە پەس بولۇپ قالغانلىقتىن، سېيالكا رامى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قېلىپ، ئالدى - ئارقا تەرەپتىكى چۆنەك ئاچقۇچلارنىڭ تۇپراققا پېتىش چوڭقۇرلۇقى ئوخشاش بولمىغان. 3) ھەرقايسى ئۇزارتىش - قىسقارتىش دەستىلىرىدىكى قىسقۇچى پورشېنلارنىڭ ئېلاستىكلىقى بىردەك ئەمەس. 4) سېيالكىنىڭ ئىككى يېنىدىكى چوڭقۇر - تېيىزلىقنى تەڭشىگۈچى قول چاق ماسلاشتۇرۇپ تەڭشەلمىگەچكە، ئىككى يانغا چۈشكەن ئېغىرلىق ئوخشاش بولمىغان. 5) سېيالكا گۇرۇپپىسىنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلى مۇۋاپىق ئەمەس.

بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى: 1) مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى سېيالكىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش لازىم. كۆتۈرۈپ چۈشۈرگۈچى تۆت قىرلىق ئوق

تۈز بولۇشى، ئوق يۆنىلىشىنىڭ ساجىش ئارىلىقى تۆت مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. جەينەكلىك تۇتقۇچ تۆت قىرلىق ئوقىقا تىك بولۇشى، ئېگىلىپ ۋە يېرىلىپ كەتمىگەن بولۇشى لازىم؛ ئۇزارتىش - قىسقارتىش دەستىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىردەك بولۇشى، ئۇلارنى قىسىپ تۇرغۇچى بارلىق تاختىلار بىر تەكشىلىكتە بولۇشى لازىم؛ 2) تراكتورغا سېيالكىلارنى چاتقاندا، سېيالكىنىڭ چېتىلىش نۇقتىسىنى توغرا بەلگىلەش، سېيالكىلارنىڭ رامىنى تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈش لازىم. 48 قۇرلۇق سېيالكىنىڭ ئالدى ۋە ئارقىدىكى چۆنەك ئاچقۇچلىرىنىڭ ئۇرۇق سېلىش چوڭقۇرلۇقىنىڭ بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چېتىلىش نۇقتىسىنى سەل ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ، ئالدىنقى رەتتىكى چۆنەك ئاچقۇچلارنىڭ تۇپراققا پېتىش چوڭقۇرلۇقىنى ئارقا رەتتىكى چۆنەك ئاچقۇچلارنىڭ تۇپراققا پېتىش چوڭقۇرلۇقىدىن 2.5 مىللىمېتىر چوڭقۇر بولىدىغان قىلىپ تەڭشەش لازىم. 3) ھەرقايسى قۇرلارنىڭ بىردەك چوڭقۇرلۇقتا تېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تراكتور بىلەن سېيالكىنىڭ چېتىلىش نۇقتىسىغا ئىككى دانە چىشلىق تىرنا ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق، تراكتور چاقى چىڭدىۋەتكەن تۇپراقنى بوشىتىش ھەمدە ئۇزارغۇچى - قىسقارغۇچى پورشىنىنىڭ ئېلاستىكلىق كۈچىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش لازىم. 4) تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى ۋە تۈزلىنىش ئەھۋالىغا، شۇنداقلا ئىشلىتىلىدىغان سېيالكىنىڭ ماركىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، سېيالكا گۇرۇپپىسىنىڭ يۈرۈش يۆنى-

لىشىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش لازىم. بۇ يۆنىلىش ئادەتتە يەر ھەيدەش، يەر تۈزلەش يۆنىلىشى بىلەن ئۆزئارا تىك بولىدۇ. 5) ئۇرۇق سېلىش مەشغۇلاتى جەريانىدا سېيالكا باشقۇرغۇچى خادىم تۇپراقنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇزارغۇچى - قىسقارغۇچى دەستە پورشېنىنىڭ ئېلاستىكلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ھەر قايسى چۆنەك ئاچقۇچلارنىڭ تۇپراققا پېتىش چوڭقۇرلۇقىنىڭ بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. 6) سېيالكىغا كۆپ ئادەم چىقىۋېلىش ۋە ئۇرۇق خالتىلىرىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بېسىۋېلىشنى قاتتىق چەكلەش لازىم. سېيالكىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ يۈكى تەكشى بولۇشى لازىم.

## 48. شەھەر ئاھالىلىرى قوي باققاندا...

ئابلەت جۇمە

### قوي باققاننىڭ پايدىسى كۆپ

مەن ئاغىنەمدىن سورىدىم:

— نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتىسەن؟

— ئىشلەپ يۈرۈۋاتىمەنغۇ؟!

— ئىشلىشىڭدە گەپ يوق، قوشۇمچە ئىش - كۈش قىلەلەمۇ شۇغۇللىنىۋاتامسەن - يوق دەيمەن.

— ھەئە، شۇغۇللانماي تۇرالامدىمەن، ئاداش،

قوي بېقىۋاتىمەن، خۇددى پادىچىدەك.

— باغدىن سورىسام، تاغدىن جاۋاب بەرىدىغۇ؟!

— بولدى، چۈشەندىم، دېھقان قىلىدىغان ئىشنى شەھەرلىكلەر قىلماسلىقى كېرەك دېمەكچىمىغۇ سەن؟ ئەجەبا قوينىڭ گۆشىنى تالىشىپ يەيسەنۇ، ئۇنى بېقىش نومۇسلۇق ئىش بولامدىكەن؟!

— قوي باققانىڭ پايدىسى بارمىكەن؟

— ئاداش، قىسقىلام دەي، قوي باققانىڭ پايدىسى كۆپ. مەن بېقىپ باقتىم مانا، كونىلار «ھالال نەرسە زىيان قىلمايدۇ» دەيدىكەن. بۇ راستكەن. ئەگەر ئېغىر كۆرمىسەڭ، باققۇدەك كىچىككىنە ئورۇن بولسا، سەنمۇ باقساڭ بولىدۇ. بېقىپ بىر كۆنۈپ قالساڭ، پەقەت مېھرىڭنى ئۈزەلمەيسەن. قوي دېگەن ئادەم تېنىگە قۇۋۋەت، ئائىلىگە بەرىكەت، كۆزگە راھەت دېگىنە!

## گەپ ھويلىنىڭ تارلىقىدا ئەمەس

مەن ھويلامنى مېترلاشقا باشلىدىم. ئىشتىن قايتىپ كىرگەن خوتۇنۇم سورىدى:

— نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيسىز؟

— ھويلىنى مېترلاپ كۆرۈۋاتىمەن.

— نېمە ئىش قىلماقچىسىز؟

— قوي ئېغىلى سالماقچىمەن.

— ھويلىنىڭ تارلىقىدا، تېخىمۇ تار قىلىدىغان بولدىڭىزما ئەمدى؟

— ياق، ئۇنچە تار ئەمەس، ھويلىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ساق 4٠70 مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر ئىكەن. كۆمۈرخانا بىلەن سوپىنى ئېلىۋەتسەك، ئورنىغا ئېغىل سالسىمىز، ھويلا يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش بولىدۇ.

— كۆمۈرخانىنى قانداق قىلىمىز؟

— مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىۋاتىمەن، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

— بىلمەيمەن...

مەن ئېغىل پىلانىنى تۈزۈپ چىقتىم. ئېغىلنى قانداق سېلىش، كۆمۈرخانىنى نەگە سېلىش ۋە بۇلارنىڭ ئۆيگە بولغان تەسىرى، ھويلىغا بولغان ئۇقسانى، ئارتۇقچىلىقى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلاندىم.

— ئېغىلنى قانداق سالىسىز؟ — دېدى خوتۇنۇم.

— ئېغىلنى ئولتۇراق ئۆي تەرەپكە بەك يېقىنلاشتۇرۇۋالسا قمۇ بولمايدۇ: بىرى، قوينى ياز كۈنلىرى باقمايمەن دېگىلى بولمايدۇ، ئېغىل ئۆيگە بەك يېقىن بولۇپ قالسا، قوينىڭ پۇرىقى ئۆيگە كىرىدۇ. يەنە بىرى، قوي دېگەندە پىت، قۇرت بولىدۇ، ئېغىل ئۆيگە بەك يېقىن بولۇپ قالسا، پىت- قۇرتلار ئۆيگە ئاسانلا كىرىپ ئادەمگە، يېمەك - ئىچمەككە زەخىم يەتكۈزىدۇ، مەن مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ، سوپا بىلەن كۆمۈرخانىنى ئېلىۋېتىش نىيىتىگە كەلدىم. ھويلىنىڭ كوچا تەرىپىگە ئېغىل، ئۆي تەرىپىگە نەرسە- كېرەك قويىدىغان يەنە بىر كىچىك «ئۆي» سالاي دەيمەن. بۇ «ئۆي» لەرنىڭ ئۈستىگە ھەم كۆمۈرخانا، ھەم يەم- خەشەك قويىدىغان

يەر راسلىسام، ئۈستى يېپىقلىق بولغاندىن كېيىن بەك قولاي بولىدىكەن.

— ئۈنچىلىك يەرگە قانچە قوي پاتىدۇ ئەمدى؟ — دېدى خوتۇنۇم دېگەندەك خوپ كۆرمەي.

— پاتقىنى پاتار...

ئېغىل بىلەن نەرسە - كېرەك قويىدىغان ئۆينىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، تېمىنى يېرىم خىشلىقتىن قىلىپ، ئىككى-ئۈچ كۈندىلا ئېغىل بىلەن نەرسە- كېرەك قويىدىغان «ئۆي»نى پۈتكۈزدۇق. بۇ «ئۆي»لەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خېلى چىرايلىق، چاققان، تېخى ئىككى قەۋەتلىك ماكان بولۇپ قالدى: يالغۇز ئېغىلنىڭ ئۆزىلا ئۇزۇنلۇقى 1.70 مېتر، كەڭلىكى 1.37 مېتر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتر پۈتۈپ چىقتى. ئېغىلنىڭ ئالدى تەرىپىمۇ ئالاھىدە ئېھتىياج بىلەن پىلانلاندى: ئوڭ تەرەپكە كەڭلىكى 58 سانتىمېتر، ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتر كېلىدىغان، بىرلا توسمىسى بار، شېلى يوق «ئىشىك» بېكىتتىم. بۇ «ئىشىك»نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قىشتا شال يوق يوچۇققا قاتتىق قەغەز ياكى كىگىز پارچىسىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى مىخلىۋەتسەك، ئېغىل ئىسسىق بولىدۇ، ياز پەسلى كەلگەندە مىخلىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋەتسەك، ئېغىل سۆرۈن بولىدۇ. بۇ «ئىشىك»نىڭ سول تەرىپىگە چوڭ بىر دېرىزە قويۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تال ياغاچ تاختاي مىخلاپ، دېرىزىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۈستىنى دېرىزە، ئاستىنى قوينىڭ ئوقۇرىنى قويىدىغان بوشلۇق قىلىپ تەييارلىدىم. بۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى دېرىزە «ئىشىك»كە

ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاستىدىكى بوشلۇققا قىشلىق ۋە يازلىق ئوقۇر ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغان قىلدىم.

—سالغان «ئۆي»لىرىڭىز بەك تار بولۇپ قالامدىكى دېسەم، ئۈچ، تۆتتىن قوي سىغامدۇ نېمە؟—دېدى خوتۇنۇم.

—ئېغىلغا يازدا ئۈچتىن تۆتكىچە قوي ياتىدۇ، نېمىشقا دېسەڭ، ياز كۈنلىرى بەك زىچ سولانسا، ئىسسىقتا دىمىقىپ سەمرىمەيدۇ، شۇڭا كۆپ باقىمەن دەپ تار يەردە زىچلىقنى ئاشۇرۇۋەتسە بولمايدۇ، قىشتا ئاز دېگەندە تۆت، كۆپ دېگەندە بەشتىن-ئالتىگىچە قوي باقساق بولۇۋېرىدۇ. لېكىن، قوينىڭ جۈغى كىچىك بولسا، كۆپرەكمۇ ياتىدۇ، قوينىڭ جۈغى چوڭ بولسا، ئازراق پېتىپمۇ قالىدۇ.

—گەپ ئېغىلنىڭ ھويلىنىڭ تارلىقىدا ئەمەس ئىكەندە!؟

## ئوقۇر سېلىش قىيىن ئەمەس

—قوي سېتىۋالغىلى چىقامسىز؟—دەپ سورىدى خوتۇنۇم مېنىڭ بازارغا چىقىدىغانلىقىمنى سېزىپ.

—ياق، قوي سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن ئوقۇر سېتىۋالىمەن، چىقىپ ئوقۇر ئىزدەپ باقاي.

شەھەر بازىرىدا مانا مۇشۇ نەرسىنى تېپىش خۇددى توخۇ سۈتى ئىزدىگەنگە ئوخشاش ئىش ئىكەن. ئاخىرى، ئۇزۇنلۇقى 1.80 مېتىر، توملۇقى بەش سانتىمېتىر، كەڭلىكى

20 سانتىمېترلىق بىر تال شال سېتىۋالدىم. بۇ شالنى يەنە 4 تال شال بىلەن ئۇزۇنلۇقىنى تەڭ قىلىپ كەستىم. ئاشقان قىسمىدا بىر تەرىپىنى تار، بىر تەرىپىنى كەڭ قىلىپ، ئىككى تال چېتىق تەييارلىدىم. بىر تال بادرا تېپىپ، 42 سانتىمېتردىن قىلىپ، تۆت تال پۇت كېسىپ، ھەر بىرىنىڭ ئىككى بېشىنى بىر تەرەپتىن ئويۇپ ئېلىپ، بۇ «پۇت»لارنىڭ ئىككى بېشىنى سەل ياي شەكىللىك كەلتۈرۈۋالدىم. ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە قوراشتۇرۇپ مىخلاپ تۆت پۇتلۇق ياغاچ ئوقۇر تەييارلىدىم. بۇ ئوقۇرنىڭ ئاستى كەڭلىكى 20 سانتىمېتر، ئۈستى ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 33 سانتىمېتر، ئوقۇرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.12 مېتر پۈتۈپ چىقتى. مەن بۇ ئوقۇرنى ئېغىل ئۇزۇنلۇقى، كۆپرەك قوي بېقىشقا قولايلىق بولىدىغان قىلىش بىلەنمۇ ھېسابلىشىپراق پىلانلىغان ئىدىم. قوينىڭ ئالدىدا دائىم سۇ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇر يېنىدىن پايدىلانماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. مەن ئوقۇرنى پىلانلىغاندا مۇشۇ نۇقتىغىمۇ ئەھمىيەت بەردىم ۋە ئوقۇرنى ئېغىل ئۇزۇنلۇقىدىن كىچىكرەك ياسىدىم ھەمدە ئېغىل ئىشىكىنىڭ ئاستىغا بىر دانە چوڭ مىخ قېقىپ، ئوقۇرنىڭ بېشى — سىرتىغا بىر تال سىم بىلەن بىر كونا داس توختىتىپ، ئۇنى قويلارغا سۇ بېرىدىغان قاچا قىلدىم. بۇمۇ تازا ئەپلەشتى. بۇ ئوقۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئازادە، يۆتكەپ ئىشلەتكىلى، ئاستىغا نەرسە-كېرەك قويغىلى بولىدۇ. كەچلىكى قىشتا يەم ئاسان توڭلاپ قالىدۇ.

دېگەندەك، قىش كىرگەندىن كېيىن بۇ خىل يازلىق ئوقۇر قاملاشماي قالدى، يەم ئاسانلا مۇزلىشىپ بەك ئاۋارە قىلدى. ھەر كۈنى كەچتە قويلار بېشىنى چىقىرىپ يەم يەيدىغان تۆشۈكنى — بوشلۇقنى ئېتىپ، ئېغىلغا سوغۇق كىرىشىنى توسۇشقا قولايسىزلىق تۇغۇلدى. بۇنى دەپ يازلىق ئوقۇرنى ئېغىل ئىچىگە ئەكىرىشكە تېخىمۇ بولمىدى. بىرى ئېغىل تارلىشىپ قالاتتى، يەنە بىرى قويلار ئوقۇرغا پۇت قويۇپ ياكى چىقىۋېلىپ ۋە ياكى ئوقۇر ئىچىگە ماياقلاپ قويۇپ ئاۋارىچىلىق تۇغدۇراتتى. مەن قىشلىق ئوقۇر ياساپ بۇ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلماقچى بولدۇم. بىر تۇرۇپ قويلار بېشىنى چىقىرىدىغان بوشلۇق ئاستىدىكى كىچىك تامنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا كېسەكتىن ئوقۇر ياسىماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇنى يازدا يەنە چېقىپ ئېلىۋەتمىسەم بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق تام ئوقۇرغا ھۆل نەرسىلەرنى تۆكسە، ئۇنىڭ ئاستى، چۆرىسىدىكى كېسەك، سۇۋاقلار بوشاپ، لايغا ئايلىنىپ، يەمگە ئارىلىشىپ، ئۇنى بۇزۇپ، قويلارنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ قويۇشتەك تالابەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. مەن كېيىن، بىر دانە ياغاچ يەشىكنى تاپتىم- دە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى شاللارنى ئېلىۋېتىپ، ئاستى ۋە تۆت چۆرىسىنى چەمبەر بىلەن مىخلاپ، تۆت چاسا ئوقۇردىن بىرنى ياساپ، قويلارنىڭ بېشىنى چىقىرىدىغان بوشلۇققا ئورنىتىپ يەم بەردىم. بۇ ئوبدانلا قاملاشتى. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئوقۇر ئۈستىدىن، ئېغىل سىرتىدىن يېپىپ قويۇشقا، ئېغىل سىرتىدا تۇرۇپ

يەم ئارىلاشتۇرۇشقا ئەپ، مۇزلاپ قالمايدىغان بولدى. كەمچىلىكى شۇ بولدىكى، قويلار ئوقۇر ئىچىگە پات-پات ما يا قلاپ قويدى. چۈنكى، ئوقۇرنىڭ ئازراق بىر قىسمى ئېغىل ئىچىگە چىقىپ تۇرىدىغان ھالەتتە ئىدى، يەنە بىرى، قويلار يەم يېگەندە سەل قىستىلىپ قالدى.

— سەن ياغاچچى بولمىساڭمۇ ئوقۇرنى چىرايلىق ياسايدىكەنسەن،— دېدى بەزى دوستلىرىم،— بىز قوي بېقىپ قالساق، ئوقۇرنى سەن ياساپ بېرەرسەن؟

— ئەلۋەتتە،— دېدىم مەن رازىمەنلىك بىلەن.

## چاققان بولسا، ئەپلىك بولىدۇ

شەھەر ئائىلىلىرىدە نەرسە-كېرەك قويىدىغان يەر مۇ قىس. قوي باققۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ياز كۈنلىرى قويلارنىڭ يەم- خەشەكلىرىنى قويۇشتا قىيىنچىلىق كۆپ بولمايدۇ. چۈنكى بېرىدىغان كۆك ئوت- چۆپلەرنى ئۇدۇللۇق ئەكىلىپ بېرىدىغان بولغاچقا، ئادەتتە كۆپ ئورۇن بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما، قىشلىق يەم- خەشەكنى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. قىشتا بېرىدىغان يەم- خەشەكنى كۈزدە يېتەرلىك توپلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى قاچىلاش ۋە مۇۋاپىق جايغا قويۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مەن يەم-خەشەك قويىدىغان يەرگە خېلى كۆپ يەم- خەشەك سىغاتتى. ئەمما، يەم- خەشەكنى قولاي، ئەپلىك جايلاشتۇرۇش، كۆپ پاتقۇزۇشقا ئۇرۇندۇم، بىر ئامال تاپتىم. ئالدى

بىلەن، ئۇن نەچچە تاغار سامان ئېلىپ، ئۇنى سامان ئېزىدىغان زاۋۇتقا ئاپىرىپ ئەزدۇردۇم. ئۇ، ھەجىم جەھەتتىن ئەسلىدىكىدىن كۆپ ئازايدى، ئەلۋەتتە. بۇنداق قىلغاندا، قويلار ساماننى ئاسان ھەزىم قىلىدۇ، سامان كۆپلەپ ئىسراپ بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ خۇددى ئاددىي خورۇچتىن لەززەتلىك تاماق تەييارلىغانغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. مەن ئۇنى بەك چوڭمۇ ئەمەس، بەك كىچىكمۇ ئەمەس، مەزمۇت قەغەز يەشىكلەرگە چىڭداپ قاچىلىدىم-دە، يەم-خەشەك قويىدىغان يەرگە تىزىپ قويدۇم. بۇ ئەپلىك ھەم ئىخچام جايلاشتى. ئاندىن باغچا ۋە ئىدارە ئىچىدىكى تېرەكلەردىن يىغدۇرغان دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۆگزىدە قۇرۇتۇپ، ئۇنىمۇ خۇددى ھېلىقى ساماننى قاچىلىغاندەك قەغەز يەشىكلەرگە قاچىلاپ، ئاغزىنى ئېتىپ، يەم-خەشەك قويۇش ئورنىغا تۆپە-تۆپىلەپ بېسىۋەتتىم. قۇرۇتقان بېدىلەرنىمۇ توغرىتىپ، ئۇنىمۇ ئاشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بېسىپ قويدۇم. مانا شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى ئىشلىتىش، جايلاشتۇرۇش شۇنداق قولاي بولدىكى، ئاشۇ يەرلەر بەئەينى ئاشلىققا ئوخشاش شەكلەنلىككە ئىگە بولدى. ھويلا-ئارامlarda چېچىلىپ قالىدىغان، ئىسراپ بولىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى. ئائىلە مۇھىتى ئەسلىدىكىدەكلا پاكىزلىكىنى ساقلاپ قالدى. چىكىت پوستى ئىخچام، توپا-توپىنى يوق يەم بولغاچقا، يەم قويىدىغان يەرنىڭ بىر تەرىپىگە بېسىپ قويدۇم.

نۇرغۇن دوستلىرىم قوي بېقىشنى خالىسىمۇ، يەردىن

پايدىلىنىشنى، يەم-خەشەكلەرنى جايلاشتۇرۇشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىغاچقا، نىيىتىمدىن ۋاز كەچكەنلىكىمنى ئېيتقان ئىدى. مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن:

— ھەر قانداق ئىش قىلماسلىقتىن قالىدىكەن، قىلغاندىن كېيىن، كاللا ئىشلەتسە يول تاپقىلى بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېيىشتى.

## قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى گۆشنى لاۋزا قىلىپ قويامدۇ؟

مەن باشقىلاردىن قويلارنى سەمرىتىدىغان قۇۋۋەت دورىسى بار ئىكەن دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. مەن بۇ گەپتىن سەل ئىككىلەندىم. چارۋا مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىكى تونۇشۇمدىن بۇ ھەقتە ئىنچىكىلەپ سورىدىم:

— خەق چۈشەنمىسە كېرەك ياكى خاتا ئاڭلىۋالغان. يەم-خەشەك زاۋۇتىمىزدا شۇنداق بىر خىل يەم بار ئىكەن، لېكىن، ھەر نەرسىنىڭ ئەكسىچە تەرىپىمۇ بولىدىكەن. يەم-خەشەك زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن يەملەرنىڭ تەركىبى ھەر خىل دورا-دەرمەك، يەم-خەشەك بىلەن تەڭشەپ تەييارلىنىدىكەن. گەرچە ئۇنىڭدا چارۋىلارغا كېتەرلىك ئاقسىللار، تۈرلۈك ماددا-ئېلېمېنتلار تولۇق بولسىمۇ، قويلار دەسلەپتە بىر مەزگىل يېگىلى ئۇنىمايدىكەن. بارا-بارا يەپ كۆنۈپ كىرىشىپ كېتىدىكەن. ئاندىن ئاسان سەمرىيدىكەن. بىزدە بىر خىل قۇرتسىزلاندۇ-

رۇلغان تابلىت دورا بار. بورداقتا سالىدىغان ھەرقانداق ھايۋاناتلارنى ئاشۇ دورا بىلەن قۇرتسىزلاندۇرۇپ بوردىسا ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن قايىل بولدۇم. دورىنى سېتىۋالدىم. دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشى ۋە ھېلىقى دوستۇمنىڭ مەسلىھەت بېرىشىگە ئاساسلىنىپ، قويلىرىمنىڭ ئېغىرلىقىغا قاراپ، ھېلىقى تابلېتنى بىرلا قېتىمدا تۆت- بەش تالدىن بەردىم. ئۇنى قويلارغا بېرىشمۇ تەس بىر ئىش ئىكەن. مەن قويلارنى ئېغىلدىن بىردىن - بىردىن چىقىرىپ، چاتىرىقىمغا قىسىپ، ئاغزىنى ئۈستۈن قىلىپ تۇرۇپ، دورىنى ئاغزىغا مەجبۇرىي سېلىپ، كومشىرىنى كۆتۈرگەن پېتى دورىنى يۇتقانغا قەدەر تۇتۇپ تۇردۇم. خوتۇنۇم:

—قوناق ياكى كېپەك بىلەن بەرسىڭىز يېمەمدىكەن؟— دېدى شىمىنىڭ مەينەت بولۇشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك.

—ياق، ھەتتا باشقىنى يەپ، ئاشۇ دورىنى ئايرىپ قويىدىكەن دېدىمەن، يەمگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرەي دېسەم، ھەممىسى دورىنى تەك يېيەلمەيدىكەن...

—بۇ دورىنى ھەمىشە بېرەمسىز ياكى بىرلا قېتىم بەرسىڭىز بولامدۇ؟

—ئەھۋالغا قارايمەن، قويلارنىڭ بەدىنىدە قۇرت بارلىقىنى سەزسەم، مۇۋاپىق بېرىمەن، قوينىڭ ئەھۋالى، دورا ئەھۋالغا قاراپ، پات- پات بېرىپ تۇرسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا يەنىلا قويلارنىڭ تەن ئېغىرلىقىغا قاراش كېرەك. تەن

ئىغىرلىقى ئېغىر بولسا، بىرلاقېتىمدا تۆت-بەش تال ھەتتا ئون، ئون بەش تالغىچە بەرسىمۇ بولىدۇ. تەن ئېغىرلىقى ئېغىر بولمىسا، دورىنى ئازراق، كۆتۈرەلىگۈدەك بېرىش كېرەك.

— دورىنى ئاز - كۆپ بېرىشنى قانداق بىلىسىز؟ بەرمەيدىغان چاغدا بېرىپ قالىسىزچۇ؟ — دېدى خوتۇنۇم، كوچىلاپ:

— دورىنى ئاز، كۆپ بېرىشنى بىلىش ئاسان، قويلارنىڭ تەن ئېغىرلىقىغا قاراش بىلەن بىر چاغدا قويلاردا قۇرتنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارايمىز: بۇ ئالدىنقى شەرت. بۇنىڭدا قوينىڭ ئەھۋالىغا مۇنداق قارايمىز: قوينىڭ بۇرنىدا ماڭقا بارمۇ - يوق، كۆزىدە چاپاق بارمۇ-يوق، مايىقىدا تورسىمان، غەيرىي نەرسىلەر بارمۇ-يوق، بۇنى ھەر كۈنى سەپسىلىپ كۆزىتىش كېرەك. قويلاردا بۇ خىل ئالامەتلەر ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ قالىدۇ؛ يەنە بىرسى قويلارغا بەرگەن يەم - خەشەكنىڭ ئەھۋالىغا قارايمىز. چۈنكى بەزى يەم - خەشەكلەر، بولۇپمۇ، قۇرۇق ئوت - چۆپلەردە قۇرت ۋە ھەر خىل مىكروبلار بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، دورىنى بېرىش ۋاقتى، دورا مىقدارى قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ بەرسە بولۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، دورىنى بىلمەي بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ چاتاق چىقمايدۇ.

— دورا بەرگەن قوينىڭ گۆشى لاۋزا بولمىش، — دېدى ئايالىم يەنە.

— دورا بەرگەن قوينىڭ گۆشى لاۋزا بولىدۇ، دېگەن گەپنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق، بەزى ئايرىم كىبسەللىك تۈپەيلى داۋالاپ، دورىمۇ كار قىلمىغان،

كۆپ دورا بېرىلگەن قويلارنىڭ گۆشى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن، قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى بەرگەن قوي-لارنىڭ گۆشى تاتلىق بولسا بولىدۇكى، ھەرگىز لاۋزا بولمايدۇ، نېمىشقا دېسەڭ، ھەرقانداق قويىنىڭ بەدىنىدە قۇرت بولىدۇ، قۇرت بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، قويىنىڭ يېگىنى ئېتىگە قونمايدۇ، قۇۋۋىتىنى قۇرتلار سۈمۈرۈپ كېتىدۇ، ھەتتا قويلارنىڭ ئىشتىيىنى تۇتۇپ قويىدۇ. بۇنداق قويلار ئاسان سەمرىيەلمەيدۇ. سەمرىتكەندىمۇ، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى ئارقىلىق قويلارنىڭ بەدىنى-دىكى قۇرتلارنى ئادالىۋەتسەك، قويلار ئاسان، تېز سەمرىيدۇ، ئاسان ئەت ئالىدۇ.

## ئەسۋاب ئەپ بولسا، ئىش خوپ بولىدۇ

— سىز بەك جاپاكەش ئوخشايسىز — ھە؟ — دېدى بىر خىزمەتدىشىم.

— راست، مەن خېلى جاپاكەش. ئۇنى مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم تاپقان ... چۈنكى ھايات دېمەك ھەرىكەت دېمەكتۇر، — دىدىم.

— راست دەيسىز، تۇرمۇش ئۆچۈن ئادەم نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. مەنىمۇ گاھىدا ئۆيۈمدە ئىشنى قىلىپ تۈگىتەلمەيمەن.

ئۇ، مېنىڭ قوللىرىمغا قاراپ بايىقى گەپلەرنى قىلغان ئىدى. مېنىڭ قوللىرىم سۇغا تولا تېگىپ، قويلار-

نىڭ يېمىنى تولا ئارىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىپ، قاتماللىشىپ كەتكەن ئىدى.

— قولىڭىزنى تىقىماي باشقا بىر نەرسە بىلەن ئارىلاشتۇرىدىغان ئىشنى قىلسىڭىز بولماسمۇ؟ — دېدى خوتۇنۇم خىيالىمنى بۆلۈپ.

— ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاۋاتىمەن، مۇۋاپىق بىر نەرسە تاپالمايۋاتىمەن.

مەن ئۆيدىكى نەرسىلەرگە قارىدىم. يەمنى قاچا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باقتىم، لېكىن بىئەپ بولدى، قاچا پەقەت كېپەك، ئۇن، قوناق قاتارلىقلارنى ئېلىش، تۆكۈشكىلا يارايدىكەن. بۇمۇ بىر جەھەتتە قويلارغا ئۆلچەملىك يەم بېرىشتە ناھايىتى ياخشى ئۆلچەم قاچىسى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، مەن ئاشۇ قاچىغا قانچىلىك قوناق، قانچىلىك كېپەك، قانچىلىك سۇ سىغىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈپ بىلىۋالدىم. ئۇ، قويلارغا يەمنى قانچىلىك بېرىش، قانداق بېرىشتە ناھايىتى ئۆلچەملىك ئەسۋاب بولۇپ قالدى، مەن قويلارغا يەم بېرىشتە ئىشلىتىدىغان ئىككى داس بار. ئۇنىڭدا ھەمىشە دېگۈدەك ھەلەپكە سامان چىلاپ سۈزەتتىم، بۇمۇ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق ئىدى. مەن دەرھال داسنىڭ ئاستىنى مىخ بىلەن ئۇششاق تەشتىم — دە، سامانىنى سۈزۈپ ئولتۇرماي، داسنى چېلەك ئۈستىدە قويۇپ، ئۈستىدىن سۇنى بىر نەچچە قېتىم قۇيۇپ، سامانىنى چايقاپ، ھەلەپنى ئاسانلا ئېتىدىغان بولدۇم. قارىسام، خوتۇنۇمنىڭ قولىدىكى كۈل تارتىقۇ

خېلى ئەپلىك تۇرىدۇ. مەن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ھەلەپنى-يەمنى ئارىلاشتۇرۇپ باقتىم. ۋاھ، نېمىدېگەن ئەپلىك! بۇمۇ ناھايىتى ئەپلىك ئەسۋاب بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى قورۇلۇش ئورنىغا بېرىپ قالدىم. قورۇلۇشچىلارنىڭ سايمانلىرى بەكمۇ ئەپلىك ئىكەن. ئالايلۇق لاي قاچىسى، لاي ئالىدىغان، ئارىلاشتۇرىدىغان كەپكۈر ... ياخشى، ئاشۇ كەپكۈرمۇ قويلارنىڭ يېمىنى ئارىلاشتۇرىدىغان ھەم يەمنى ئالىدىغان ئەسۋاب بولۇشقا تازىمۇ باب ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ ئەسۋابنىمۇ سېتىۋالدىم. راست، بۇ مېنىڭ ياخشى ئەسۋابىم بولۇپ قالدى!

ماناشۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ قولۇم ھېلىقىدەك ئاۋارىچىلىقتىن خالى بولۇپ قالدى، يېرىقلارمۇ ئوڭشالدى.

— قولىڭىز ئوڭشىلىپ قالدى ياخشى، — دېدى خوتۇنۇم.

— تەجرىبىسىزلىكتە ھەر نېمە بولىدىكەن. ئەمدى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم. ئەسۋاب ئەپ بولسا، ئىش خوپ بولىدىكەن، — دېدىم مەن خۇرسەن بولغان ھالدا.

## ئۆنى سەمرىشكە باشلىغانلىقنىڭ بەلگىسى دېيىشكە بولامدۇ؟

ئوغلۇم ئۆيگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىردى ۋە يېزىدىن كەلگەن تۇغقىنىمىزغا:

— تاغا، سېنىڭمۇ قويۇڭ بارمۇ؟ — دېدى.
— بار.
— سېنىڭ قوي-ۇڭنىڭمۇ بۇرنىدا ماڭقىسى بارمۇ-يوقمۇ؟
— يوق.
— بىزنىڭ قويىنىڭ ماڭقىسى بەك جىق. نېمە بولىدۇ دادا؟ — دېدى ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ. مەن دەرھال ئۇنىڭ نېمىدېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم - دە:
— زۇكام بولۇپ قالغاندا ساڭا ئوخشاش ماڭقا بولىدۇ، — دېدىم.
— ماڭە نېيى، مەن ماڭقا بولمايمەن ھە، تاغا قوي ماڭقا بولىدۇ. ماڭە، ساڭا كۆرسىتىپ قوياي.
— ئاۋارە قىلما!
— ياق كۆڭلى قالمىسۇن، چىقاي، قويلىرىڭنى كۆرگۈم بار ئىدى، — دېدى تۇغقىنىمىز.
بىز ھويلىغا چىقتۇق. ئوغلۇم قوينىڭ بۇرنىدىكى ماڭقىنى كۆرسەتتى.
— قويلارنىڭ ماڭقىسى تۈگەپ سەمرەي دەپ قاپتۇ، — دېدى تۇغقىنىمىز، — قوي بىر قېتىم ماڭقا بولىدۇ، ماڭقا بولمىسىقى تەس، ماڭقا بولۇپ تۈگىگەندىن كېيىن قوي سەمرىشكە باشلايدۇ.
— ماڭقا قويلاردا كېسەل بارلىقىنى بىلدۈرەمدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
— ياق، قوي ماڭقا بولغاندا، بەدىنىدىكى ھەممە كېسەل ماڭقا بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.

— مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، — دېدىمەن، — ئادەم زۇكام بولغاندا، بۇرنىدىن زادىلا سۇ توختىمايدۇ. بۇ ئادەم بەدىنىدىكى كېسەل مىكروبلارنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، قويلارنىڭ ماڭقا بولۇشى دەل ئۇنىڭ بەدىنىدە تۇرلۇك كېسەللىك مىكروبلارنىڭ بولغانلىقىنى، كېسەللىك ئالامەتلىرى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

— نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟

— سىز ئوت - چۆپلەردە، يەم - خەشەكلەردە تۇرغۇن ھاشارات ۋە كېسەللىك مىكروبلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

— دوختۇرلار بار دەيدىكەنغۇ؟

— دوختۇرلار دەيدىكەن ئەمەس، چوقۇم بولىدۇ. نېمىشقا دوختۇرلار سوغۇق سۇ ئىچمەڭلار، قايناق سۇ ئىچىڭلار دەيدۇ، سوغۇق سۇدا كېسەللىك مىكروبى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھايۋاناتلار بىزگە ئوخشاش يېمەكلىكلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ يېيىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. شۇڭا ئۇ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوت - چۆپلەردىكى ئاشۇ مىكروب، ھاشاراتلارنى يەۋېتىدۇ. بۇ قويلاردا ئايرىم كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئورۇق قويلارنى بولسا، بۇنداق كېسەللىك تېخىمۇ ئاسان تاپىدۇ. چۈنكى بۇ خىل قويلاردا ئاشۇ كېسەللىك مىكروبلىرىغا قارشى كۈچ يېتەرلىك بولمايدۇ. ئورۇق قويلار تۇرلۇك قۇۋۋەتلىك، ئاقسىل ماددىسى كۆپ ئوزۇقلۇقلارنى يېتەرلىك

يېمىگەن بولىدۇ. بۇ ئەھۋال قوي بەدىنىدە كېسەللىككە، مىكروبلارغا قارشى ماددىلارنى تولۇقلىيالمايدۇ ـ دە، ئاشۇنداق قويلار تاكى سەمرىمىگەنگە قەدەر ماڭقىدىن قۇتۇلالمايدۇ ياكى ئاقىۋەتتە باشقا كېسەللىكلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق قويلارنى يەمگە سالغاندىن كېيىن، قوي بەدىنىدىكى كېسەللىككە، مىكروبقا قارشى ماددىلار كۆپىيىپ، تۈرلۈك كېسەللىك، قۇرتلارنى يوقىتىدۇ. شۇ چاغدا بۇرنىدىكى ماڭقىمۇ توختايدۇ، قوي تەدرىجىي سەمرىشكە باشلايدۇ.

— نامرات ئادەمنى شامال كېسىلى باسقاندەك بىر ئىش ئىكەن ـ دە، ـ دېدى تۇغقىنىمىز، خېلى چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندەك، — بىز ئەمدى يېزا دېگەندە سىلەرگە ئوخشاش ئويلاپ كېتەلمەيمىز. سىزنىڭ دېگەنىڭىز راست زادى.

— قوينىڭ ماڭقىسىنىڭ تۈگىگەنلىكى سەمرىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، قويدا ماڭقىنىڭ بولغانلىقى كېسەللىك يوقلۇقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ماڭقا كېسەللىك مىكروب تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان.

## كۆنگەن ھەممىدىن يامان

ھازىر ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بىر قېتىم ئىدارىمىزغا ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىنگەن بىر پاقلاننى كۆرۈپ قاساپتىن:

— قويغا نېمە بەرسە مۇشۇنداق چىرايلىق سەم-

رىيدىغاندۇ؟ دەپ سورىغان ئىدىم. ئۇ:

— قوي بەك ئىسسىقچان، شۇڭا تەبىئىتى سوغۇققا مايىل يەملەرنى تاللاپ بەرسە، بەك سەمرىيدۇ، قوناقنى كۆپ يېگەن قوي مۇشۇنداق سەمرىيدۇ. چۈنكى، قوناقنى مۆتىدىل دېسەكمۇ بولىدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

كېيىن بىلىدىمكى، بۇنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار ئىكەن. بولۇپمۇ يەم - خەشەك بېرىشتە ئېغىل - قوتان- لاردا بېقىشتا بۇ تەرەپكە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن.

سەمرىتىشكە قوي سېتىۋالغاندا كۆپىنچە يېزىلاردا بېقىلغان، ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يەم-خەشەكلەرنى كۆپ يېمىگەن ئورۇق قويلارنى سېتىۋالىمىز. بۇنداق قوي- لارغا يەم بەرگەندە، مەلۇم بىر مۇددەتنى ئاساسىدا نىشان- لىق يەم بېرىش كېرەك، دەسلەپتە، ئاز - ئازدىن قارارلىق بېرىش كېرەك. بۇ دېگەنلىك خالىغان چاغدا ئەمەس، ھەر كۈنى ئۈچ-تۆت قېتىم، ھەر قېتىمدا تولۇق يەپ بولالىغۇدەك بېرىش كېرەك. دېگەنلىك مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق قويلاردا يەم يەيدىغان ۋاقىتنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم. شۇ ئاساستا، ھەر كۈنى شۇ ۋاقىتتا يەم بېرىپ، ئېگىز - پەس قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. يەمنى كۆپەيتىشكە توغرا كەلسە، چوقۇم ئۆلچەملىك يەمنى يەپ بولۇشقا ئۈلگۈر- تۈپ بېرىپ (شۇ بىر قېتىمدا يەپ بولالىغۇدەك)، يەمنى كۆپەيتىپ بېرىشكە شارائىت يارىتىش كېرەك. بۇنىڭغا ئىمكانىيەت يار بەرمىسە، مۇۋاپىق مۆلچەرلەپ بېرىۋەت-

سىمۇ بولىدۇ. ئەمما ھەر كۈنى ئاز-ئازدىن كۆپەيتىپ
بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بەرسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخ-
شى بولىدۇ. يەنى قويلار بىراقلا كۆپ يەمنى كۆرسە،
كۆزى تويۇپ قېلىش، يېمەي يەمدىن چىقىۋېلىشتەك
ھالەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەگەردە ئۇلاشتۇرۇپ
بەرگەن يەمنىمۇ يەپ بولسا، قويلاردا يەنە يەم تەلىپى
بارلىقى سېزىلسە، قويلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا
قاراپ، يەنە تەكرار يەم بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش
كېرەك. ھەرگىز ھازىر يەم بەردىم، ھېلى بېرەرمەن دەپ
سەل قاراشقا، كېيىن بېرىپ، قويلارنىڭ يەم يېيىش
رېغبىتىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بەزىدە تۈرلۈك
سەۋەبلەردىن قويلاردا يەم خۇمارلىقى كۈچلۈك بولۇپ
قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئەھ-
ۋال ھەمىشە كۆرۈلۈشى ناتايىن. ئۇلاشتۇرۇپ يەم بې-
رىش ئۇسۇلىنى داۋاملىق قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. شۇ-
نىمۇ ئەستە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، قويلاردىمۇ ھەر
خىل يەم - خەشەك يېيىش ئادىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بازاردىن قوي سېتىۋالغاندا بىر يايلاق، بىر
ئۆيدە بېقىلغاننى سېتىۋېلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ،
شۇنداق ئىكەن، باشقا يايلاق، باشقا ئۆيدە
بېقىلغان قويلارنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇلۇشى ھەر خىل بولىدۇ.
بەزى ئۆيلەردە سامان بېرىلىشى، بەزى ئۆيلەردە شاخ-
شۇمبا، ئوت-چۆپ بېرىلىشى مۇمكىن. بۇنداق يەم قوي-
لاردا شۇ خىل يەمنى يېيىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.
شۇڭا بۇ خىل قويلارنى باققاندا، شارائىت بولسا، بىر

خىل يەمگە ئادەتلەنگەن قوي بىلەن يەنە بىر خىل يەمگە ئادەتلەنگەن قوينى ئايرىپ، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شۇ خىل يەم-خەشەك بىلەن باقسا ئاسان ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن، شارائىتى يوق، بىر خىل يەمنى كۆپرەك بېرىشنى ئاساس قىلىپ بېقىمىشقا نوغىرا كەلسە، قويلارنى شۇ خىل يەمگە كۆندۈرۈش كېرەك. قويلارنى يەمگە كۆندۈرۈش ۋە يەم بېرىش ۋاقتىغا ئادەتلەندۈرۈش ناھايىتى مۇھىم.

## تار يەردە ئۆز بەرگۈچە كەگرىدە سۇ بەر

بۇگۈن يەكشەنبە ئىدى. ئاخشام شېكەر شەمبە بولغانلىقتىن، ئۇششاق-چۈششەك پاراڭ بىلەن بەك كەچ ياتقان ئىدۇق. سەھەردە قوپقۇم كەلمەي ياتتىم. ئوغلۇم:

— قوپمامسەن، دادا، ئاغرىپ قالدىڭمۇ-ھە، قويلىرىم يەم يېمەمدۇ؟ يەم بەر، ھېلى يىكار مەرەپ خاپا قىلىدۇ، — دېدى.

راست قويلارغا ھەر كۈنى سەھەردىلا يەم بېرەتتىم. بۇنداق قىلىش ئادەت-رېفلېكس بولۇپ قالغان. بىرەر ۋاخ يەمنى ئىلگىرى ياكى كېيىن بېرىش قويلارنى نىزىغىتىپ قويىدۇ. قويلارنىڭ يەم بېرىش ۋاقتىنى ئۆزگەرتىپ قىلىۋەتسەك، چوقۇم غەيرىي ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىپ، ئىچكى ئەزالاردا مەلۇم ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا، بۇ ئۆزگىرىشلەر قويلارنىڭ سەمرىش رېتىمىنى بۇزىدۇ-دە، پات ئارىدا سەم-

رىشى تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىن ياكى يەنە شۇنـ
داق بىر خىل سەمىرىش رېتىمىنى ھاسىل قىلغۇچە بىر
مۇنچە جەريان كېتىشى مۇمكىن. مەن ئاشۇلارنى ئويلاپ،
ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھويلىغا چىقىپ قويلارغا
قارىدىم. ئۇلار ئېغىلنىڭ يوچۇقىدىن بېشىنى چىقىرىـ
شىپ، تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ، خۇددى مەن
بىر نەرسە بېرىدىغاندەك تىپىرلىشاتتى. ئالدىراپ-تېـ
نەپ يەم ھازىرلاپ ئوقۇرغا قويۇپ بەردىم. قويلار ناھا-
يىتى ئالدىراش تۇتۇش قىلىپ كەتتى.
— دادا، قوي پۇتى بىلەن مانداق توركوك-توركوك
قىلىۋاتىدۇ، ماڭە دادا، ئاينا-ئاينا، دېدى ئوغلۇم.
مەن قويلاردا بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرگەن، بەزى
نەرسىلەرنىمۇ ھېس قىلغان ئىدىم.
تازا قارا قىش كىرىپ، سوغۇق ئەۋجىگە چىققاندا،
مەن يازلىق ئوقۇرنى ئېلىۋېتىپ، قىشلىق ئوقۇرنى ئورـ
ناتقان ئىدىم، قىشلىق ئوقۇرنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىسى
بولغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ قويلارغا كىچىك كەلدى.
بىرى، ئەتىيازنىڭ كىرىشى، ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ،
قويلار تار يەردە يەم يېسە تەرلەپ دېمى سىقىلىپ كەتـ
تى، يەنە بىرى، قويلار ئەينى چاغدا ئورۇق ئىدى.
كىچىككىنە يەرگىمۇ پاتاتتى. مانا ئەمدى سەمىرىپ، ئاز
يەرگە پاتماس بولۇپ قالدى؛ يۈكىمۇ ئۆستى. سەمىرىـ
گەندە قويلار ئىسسىققا تېخىمۇ چىدىيالمايدىكەن.
مەن يەم يېنىغا يېقىن كېلەلمىگەن بىر قوينى
دەپ باشقا قويلارنى بېشىدىن، كومشىرىدىن تۇتۇپ ئار-

قىسىمغا ئىتتەردىم. ئارقىسىغا ياندى-يۇ، يەنە ئېتىلىپ كېلىپ، ئوقۇرغا ئۆزىنى ئۇردى. قارىسام قويلارنىڭ تۆكلىرى ئەتلىرىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. سىنچىلاپ قارىسام، ناھايىتى سۇس بىر خىل ھور كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئوقۇر ئۈستىدىكى دېرىزىدىن قولۇمنى تىقىپ، بىر قوينىڭ تۆكى ئارىسىغا قولۇمنى سېلىپ كۆردۈم، ئىسسىق ھۆل تەگكەندەك بولدى. ئېغىلغا كىرىپ تەكشۈرسەم، قويلار تەرلەپتۇ. ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، بۇ بولماپتۇ. يازلىق ئوقۇرنى بېكىتىش ياكى چارە قوللىنىپ ئۇلارنىڭ يەم يەيدىغان ئورنىنى-يەم يېيىش ئۈچۈن تۇرىدىغان جايىنى بىر-بىرىدىن ئايرىلىق قالدۇرالىغۇدەك قىلىپ بەزسەم بولىدىكەن دەپ ئويلىدىم.

مەن شۇنداق ھۆكۈم قىلدىمكى، قويلار يەم ئورنى تار كەلگەندە، يەم تالىشىپ، ئورۇن تالىشىپ، قاتتىق ئۇسسۇشىدىكەن، ئىچى سىقىلىپ دېمى كېسىلىدىكەن، بۇ ھال قويلارنى قاتتىق ئازابقا سېلىپ، يەمگە بولغان قىزىقىشىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدىكەن، ئىشتىيىنى تۇتىدىكەن، چۈنكى، مۇشۇ بىرقانچە كۈن مابەينىدە، قويلاردا ئاشۇنداق بىر خىل ھادىسە كۆرۈلگەن ئىدى. ئوقۇر تالىشىش جەريانىدا، ئۇلار نۇرغۇن ئېنېرگىيە سەرپ قىلىۋېتىدىكەن. بولۇپمۇ، بۇنداق ئېنېرگىيە سەرپ قىلىۋېتىش سەمرىتىدىغان قويلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز.

مەن كىچىك ئوقۇرنى كۆپەيتىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولدۇم.

## هايۋان تۆيىقىدىن سەمرىيدۇ

— ئۆيىڭىزدە قوي بېقىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟
— بىكار تۇرغۇچە بېقىپ قويدۇم.
— قانچىنى؟
— ئىبغىل كىچىك، ئۈچ-تۆتى بار.
— ۋاھ، بۇ خېلى بىر ئەپقۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا، بىز ھۇرۇن ئىكەنمىز. ئاش سۈيىنى بىكاردىنلا تۆكۈۋېتىمىز. ئىبلىپ قويۇپ سىزگە ئەپكىرىپ بېرەيلى.
— ئىبغىر كۆرمىسەڭلار،شۇنداق قىلساڭلار بەكمۇ ئوبدان بولاتتى.
قوشنىلار ۋە ئىدارىنىڭ ئاشپېزى بىلەن مۇشۇنداق پاراڭلاشتۇق، كېلىشتۇق، ئاش سۈيىدە نۇرغۇن قۇۋۋەت بار. ئۇنى قويغا بەرسەك تېز سەمرىشكە پايدىسى كۆپ، شۇنىڭدا قويلارغا ئاش چېلىپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى، مەن شۇنداق قىلدىم.
ئەلۋەتتە، دەسلەپتە قويلار بۇنىڭغا تازا كۆنەلمىدى، چېلىپ بەرگەن ئاشنى ئىچكۈسى كەلمىدى. كېيىن بارا-بارا ھەتتا كېپەكنى كۆپ سېلىش بىلەن قويلارنى ئاشنى ئىچىشكە زورلاپ كۆندۈرۈۋالدىم. قويلارغا ئاش سۈيىنى بەرسە، پايدىلىق تەرىپىمۇ بار ئىكەن، لېكىن كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدىكەن. ئاش سۈيىنى كۆپ ئىچسە كۆپ سىيىدىكەن. ئىبغىل ئاستىنى چىلە بىلەن تولدۇرىدىكەن، ئاندىن سېسىق پۇرايدىكەن، قويلار چىلىدە

يېتىپ قالىدىكەن. كونىلاردا ھايۋان تۇيىقىدىن، ئادەم قولىقىدىن سەمرىيدۇ، دېگەن گەپ بار، ھايۋانلارنىڭ تۇيىقى چىلىدە تۇرسا، رېما تىزىم بولۇشى، سوغۇق تېگىشى، كۆپلەپ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى سىرتقا چىقىرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىل ئاستى سەللا سوغۇققا يولۇقسا، مۇزلاپ قالىدۇ، بۇ قويلار ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسىز. شەھەردە قويلارغا ئاش سۈيىنى مۇۋاپىق بېرىش، ئېغىلنى ھار ئالماي پات-پات قۇرۇقداپ، قىغلىرىنى چىقىرىپ تۇرۇش كېرەك.

## قان سۈمۈرگۈچى كاساپەت

— قويلىرىڭنى كۆرۈپ باقاي، قانچىلىك سەمرىدى قېنى؟ — دېدى بىر قېتىم ئۆيۈمگە كەلگەن ئىنىم، ئۇ دېھقانلىقتا خاس ئېتىقاد بىلەن ئۇسسۇپلا ئېغىلغا كىرىپ كەتتى.

— قويلىرىڭ پىچاققا يارىغۇدەك بولۇپ قاپتۇ، خېلى ئوبدان بېقىپسەن، قىش ۋاقتى قويىنى بۇنچىلىك سەمرىتمەك ئاسان ئەمەس، — دېدى ئىنىم، — ئېغىل بەك ئىسسىقتەك قىلىدۇ، دېرىزىنى پات-پات ئېچىۋەتسەڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ، بىزغۇ قوي دېگەننى تۆز يەردە قويىمىز، توكما يدۇ، شەھەرنىڭ قويلىرى شەھەرنىڭ ئادەملىرىدەك سوغۇققا چىدىما يدىغان بولغاچقا، مۇشۇنداق باقىدىغان ئوخشايسىلەر، قوي دېگەننى بەك ھى-ھىلاپ كەتسىمۇ بولما يدۇ. سوغۇقتا قويسا كىمۇ كۆنەتتى.

— سوغۇقتا قويماي ئىسسىق باققاچقا سەمىردى.

— ئەمدى ھاۋامۇ خېلى ئىللىپ قالدى، ئىشىك دېرىزىلەرگە چاپلىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋەتسەكمۇ بولىدۇ. بەك ئىسسىق بولۇپ كەتسە، قوي ئاسان پىت بولۇپ قالىدۇ. پىت بولدىما، بولدى، 360 كۈن باقىنىڭ بىكار، پىت بار قوي پەقەت سەمرىمەيدۇ، پىت چېقىپ سېمىز بولسىمۇ ئورۇقلىتىۋېتىدۇ...

— شۇنداقمۇ؟

ئېغىل بىلەن بىز ياتىدىغان ئۆينىڭ ئارىلىقى تۆت مېتر ئەتراپىدا كېلەتتى، مەن بۇنى ئويلاپ، قىشتا قويدىن چۈشكەن پىت بۇ ئارىلىقتىن بېرىپ بولغۇچە توڭلاپ قالىدۇ. ئۇ ئىسسىق يەردە بولىدىكەن، ئۇنداق بولغاندا ئىسسىق قوتاندىن سوغۇق تالاغا چىقارمۇ؟ دېگەن خىيال بىلەن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالدىم. ئەمما، قويلارنى پات-پات ھويلىغا چىقىراتتۇق. ئۇ چاغدا قويدىكى پىتلار چاچراپ ئۆيگە چۈشۈپ قالىدىغان ئىشمۇ بولارمۇ؟ ياق، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىم كېرەك. مەن ئېغىلغا كىرىپ قويلارنىڭ تۈكلىرىنى ماللاپ كۆردۈم، قولۇمغا بىر نەرسىلەر ئۇرۇنغاندەك بولدى، مەن چۆچۈپ كەتتىم، شاپىدە قولۇمنى چاقمىسۇن كاساپەت!

مەن بەكرەك سەمرىگەن ئىككى قوينى ئارقا-ئارقىدىن ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، بوينىغا مىنىپ، يېنىمغا بىر ئامبۇرنى قويۇپ قويۇپ، قوينىڭ تۈكلىرىنى قايرىپ پىتلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدىم، پىت چىقمىدى. لېكىن چوڭ-چوڭ ئەخلەتكە ئوخشاش نەرسىلەر چىقتى. مەن

يەمنى بەكرەك يەيدىغان، شوخراق، قورقۇنچاقراق، سەل ئورۇقراق بىرسىنى ئېلىپ چىقتىم. ئۇ قورقۇپ تۇراتتى، نەردىنى تۇتسام، تېرىلىرىنى لىغىلدىتاتتى. مەن شۇنداق بىر يەردىكى تۈكنى قايرىدىم. قورسىقى كۆك، پۇتلىرى، باش- بويۇنلىرى قىزدىل كەلگەن بىر نەرسىلەر تۈكلەرگە ئىچكىرىلەپ قاچتى. مەن ئامبۇرنى ئېلىپ، تۈكلەرنى قايرىپ، ھېلىقى مەخلۇقلارنى پاس-پاس قىلىپ قىسىپ ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى يەرگە تاشلىدىم، قويغا بەكلا خۇش ياققاندەك قىلىدى. دەسلەپتە قورقۇپ، تۈگۈلۈپ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسا، ئەمدى رايىمغا بېقىپ تۇراتتى، تووۋا، بىر مۇنچە پىتلارنى ئۆلتۈردۈم، ھېچقايسى مېنى چاقالمىدى، ھەتتا ئامبۇرغا چىقماي، تۇتۇق بەرمەي قاچقان پىتلارنى قولۇمدىلا مىجىۋەتتىم.

مەن قوينىڭ دۈمبىسىگە ئازراق تۇز سېپىپ كىرگۈزۈۋەتتىم. ئەلۋەتتە، شۇنچە كۆپ پىت بار قويدا يەنە بەزى پىتلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى. ھەم ئۇنىڭدىكى پىتلارنىڭ باشقا قويلارغا چىقماي قېلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا مەن بۇ ئىشتا ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن قويلىرىمنى پات-پات سىناپ كۆرىدىغان، پىت بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، بولسا ئۆلتۈرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم.

— سىز نەدە يوق ئىشلارنى قىلىسىز، قوي دېگەن مەينەت نەرسە، ئۇ ھامان پىت بولىدۇ، ئۆلتۈرۈپ

تۆگەتكىلى بولامتى؟ — دېدى خوتۇنۇم بىر كۈنى ماڭا، — پىت بولسا بولمامدۇ، ئۇنىڭلىقتا قوي بىر نېمە بولۇپ كېتەمتى؟

— قويدىكى پىتقا سەل قارىغىلى بولمايدۇ، پىت بار قوي بىلەن يوق قويىنى كۆزىتىپ باقتىم. ئەسلىدە قوي دېگەن ئەڭ ياۋاش نەرسە، ئادەمدىن قاچمايدۇ، پىت بار قويلار ناھايىتى قارام بولۇپ قالىدىكەن، ھەتتا ئاجايىپ ياۋايى بولۇپ كېتىدىكەن، قاشاڭلىق يوقىلىدىكەن، بەزىسى قاتتىق شۈركىنىدىكەن، ئادەمنى كۆرسە بويۇن بەرمەي قاچىدىكەن، بەدىنىنى تۇتقىلى قويمايدىكەن. بۇ نېمىدىن دېسەڭ، پىتنىڭ ئازابىنىڭ ھەققەتەن ئېغىرلىقىدىن بولۇۋاتقان ئىش. ئادەتتە، پىت يوق قويلاردا ئۇنداق ئىش يوق، قاشاڭ، يەمنى كۆپ يەيدۇ، ئاسان سەمىرىيدۇ، پىت بار قويلارنىڭ بەزىسى پەقەت بىر نەرسە يېمەي تۇرۇۋالىدۇ، ئىشتىيى تۇتۇلسا ياكى ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي قالسا كېرەك.

— قولدا ئۆلتۈرۈشتىن باشقا دورا بىلەن ئۆلتۈرىدىغان ئىش يوقمىكەن؟

— بولۇشى مۇمكىن، لېكىن دورا بىلەن سۈنئىي ئۆلتۈرگەندىن قول بىلەن تەبىئىي ئۆلتۈرگەننىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، مېنىڭچە، تەبىئىي ئۆلتۈرسە بىر قەدەر پاكىز ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. دورا بىلەن ئۆلتۈرسە، چوقۇم قالدۇقى قالىدۇ، ئەكس تەسىر قوزغايدۇ، يەنە دورا ئىشلەتمەي بولمايدۇ، شۇڭا تەبىئىي ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دورا بىلەن مۇداپىئە كۆرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

# يۆتەل تۇتقاندا...

مەن ھەلەپ بېرىشكە ئۈلگۈرمەي، قويلارنىڭ ئالدىغا ئازراق قورۇق سامانىنى سېلىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدىم. دەل شۇ چاغدا بىر قوينىڭ يۆتەلگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟

قوينىڭ يۆتىلى پىكىر ـ خىيالىمغا كىرىۋالغان ئىدى، مەن يەنە كۆزەتتىم، قويلار سامانىنى ئازراق يەپلا يۆتىلىشكە باشلىغان ئىدى. مەن دەرھال ھېلىقى سامانىنى ئېلىپ تەكشۈردۇم، ئۇنىڭدا ئاز تولا توپا بار ئىكەن. مەن ئەھۋالـ نى سەل چۈشەنگەندەك بولدۇم.

كېيىن بىر قېتىممۇ يەنە شۇنداق بىر ئىش بولدى، مەن ئۇ چاغدا سامانىنى تاسقاپ توپىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ سېلىپ بەرگەن ئىدىم، لېكىن قويلار يەنىلا يۆتەلدى. تۇۋا، بۇ زادى نېمە ئىش؟ مەن ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، يۇمشاق سامان قوينىڭ كانىيى ياكى ئۆپكىسىگە چاپلىشىـ ۋالىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا قويلار يۆتىلىدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

بىر قېتىم قويغا ھەلەپ ئېتىدىغان سامانىنى يۇيۇۋاتسام قوشنام:

— بۇنچە قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولار، قوي يەۋېرىدىغۇ؟

دېدى:

— سامانىنىڭ توپىسى بار ئىكەن، تاسقىسياممۇ پۈتۈنـ لەي تۈگەپ كەتمىدى، شۇڭا پاكىز يۇمىسا چىقمايدىكەن.

شۇ پېتىچىلا ئېتىپ بېرەي دېسەم، قوي يۆتەل بولىدىكەن، ياكى بۆلمىسا قورسىقى ئېسىلىپ قالىدىكەن.

— سىزنى يۆتەل قوي بىلەن يۆتەل ئەمەس قوينى قاراپلا بىلىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم، قانداق بىلىسىز؟ —

— ياق ئۇنچىۋالا ئەمەس، چۈنكى قوي دېگەنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققىلى بولمايدۇ. يۆتەل ئەمەسنى بىلىشمۇ مۇتلەق ئەمەس، بەزى يۆتەل ئەمەس دەپ سېتىۋالغان قوي يۆتەل، يۆتەل دەپ سېتىۋالغان قوي يۆتەل ئەمەس چىقىپ قالىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ، مەن ئاسسەن قوينى سېتىۋالىدىغان چاغدا، كانىيىنى قىسقا ۋاقىت مەھكەم تۇتۇپ تۇرىمەن، شۇ چاغدا، يۆتىلى بار قويلارنىڭ نەپەسلىنىشى قىيىنلىشىدۇ - دە، يۆتىلىدۇ، بەزىلىرى يۆتەلمەيدۇ. مەن مۇشۇنداق سىناپ بېقىپ سېتىۋالغان قويلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساق چىقتى.

— بۇمۇ بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ساۋات ئىكەن، بەزىلەر يۆتەل قويلارنى بىلمەي سېتىۋېلىپ، سەمرىتەلمەي قاقشىشىدۇ.

— يۆتەلنى ساقايتماقمۇ ئاسان، مالدوختۇرلۇق پونكىتلىرىدا ھايۋانلارنىڭ يۆتىلىشىگە پايدا قىلىدىغان دورىلار بار، بىر يۆتەل قوي ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئىككى، ئۈچ موچەنلىك دورا بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ.

— لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا سەل قارايدۇ.

— سەل قارىسا بولمايدۇ، يۆتەل قوينىڭ سەمرىمىكى تەس.

## ئىسسىق يەمۇ قوينىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ

— ئەسكى - تۈسكى بولسىمۇ بىرەر پارچە سۆلياۋ بارمۇ؟

— قانداق قىلىسىز؟

— بارمۇ - يوق؟ لازىم قىلىمەن.

— يەنە شۇ قوي ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانسىز ھەقىچان؟

— بولسا تاپ، بولمىسا بازاردىن ئەكىرىمەن.

ئۇ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر پارچە سۆلياۋنى كۆتۈرۈپ چىقتى:

— بولامدۇ مۇشۇ؟

— داسىنىڭ ئاغزىنى ياپالىسىلا بولىدۇ.

— قوينىڭ يېمىنى دۈملەمسىز؟

— دۈملىمەي قويسام، ئاتايىن سۇ قاينىتىپ، يەم چىلىغىنىمنىڭ پايدىسى بولمايدىكەن.

— ئىچىدىغان سۈيىنىمۇ ئىسسىق بېرىۋاتىسىز، يەمىنىمۇ ئىسسىق بېرەي دەمسىز؟

— شۇنداق.

قىشنىڭ سوغۇقى نۇرغۇن مەۋجۇداتلارنى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە سەرپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، بۇ، ئۇلاردا يەنە نۇرغۇن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياجنى پەيدا قىلىدۇ. قويلارغا نىسبەتەن شۇنداق. كۆپ تەرەپلىمە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە تولۇقلاپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەيلى قويلارنى ئىسسىق چۆمكەيلى، ياكى ئۇلاردىن كۆپلەپ ئىسسىقلىق

ئېنېرگىيىسى چىقىپ كېتىشىنى توسايلى، بۇنى مۇستەھكەملەش ۋە تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

قىش كۈنلىرى قويلارغا يىلىمان سۇ بېرىش، يەنى ئىسسىق بېرىشمۇ مانا شۇنىڭ جۈملىسىدىن.

سۇنى قانداق بېرىش كېرەك؟ قىش كۈنلىرى سۇ بەك سوغۇق بولىدۇ. قويلار بۇنداق سوغۇق سۇنى ئىچكەندىن كېيىن توڭۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئېغىز بوشلۇقىدا، ھەزىم قىلىش يوللىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى بىر مەزگىل يوقىتىدۇ. چىشىنىڭ ئارىلىقلىرىنى شۇنداقلا چىشنى بوشىتىپ، چايناش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن. سۇنىڭ قويىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا ئىسسىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە سەرپ بولىدۇ، بۇ ئېنېرگىيە قويلارنىڭ بەدىنىدىكى ئېنېرگىيىنى خورىتىدۇ. سوغۇق يەم - بوغۇزمۇ قويلاردا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى پەيدا قىلغاندىن باشقا، سوغۇق يەم قويلارغا يېيىشلىك تۇيۇلمايدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن سوغۇق يەم ئوخشاشلا قويلارنىڭ ھەزىم قىلىشىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىشتىيىنى تۇتۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قويىنىڭ تېز سەمىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش خېلىلا مۇھىم. چىكىت پوستى بەرگەندە ئىسسىق سۇغا چىلاپ زەھەرسىزلەندۈرۈپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. سۇ ئىسسىق بولسا، چىكىت پوستى سوغۇق سۇدا زەھەرسىزلەندۈرگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى، بىرقەدەر، تولۇق زەھەرسىزلىنىدۇ. شۇڭا چىكىت پوستىنى ئىسسىق سۇدا زەھەرسىز-

لەندۈرۈپ، ئۈستىنى سۈلياۋ يوپۇق بىلەن يېپىپ، ئىسسىق-راق جايدا قويۇش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن چىگىت پوستى قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىق خېلى ئۇزاق ساقلىنىدۇ. بۇنداق چىگىت پوستىنى سەھەردە بەرمەي (قىش كۈنلىرى) چۈش، كەچتە، ھاۋا سەل ئىللىغان چاغدا بەرسە، ئاسان سوۋۇپ كەتمەيدۇ. سەھەردە قويلار ئىسسىقلىققا بەكمۇ موھتاج بولىدۇ. شۇڭا چىگىت پوستى بېرىدىغان قويلارغا سەھەردە سامان بىلەن ئىسسىق سۇدا ھەللەپ بېرىشنى ئادەتلەن-دۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئادەتتىكىدىن ياخشى بولىدۇ. قويلارغا بېرىدىغان سۇنىمۇ چوقۇم يىلىمان قىلىپ بېرىش كېرەك. بەك ئىسسىق قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭ قويلارنىڭ ئىشتىيىنى ئېچىشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

## مىڭ دۇمبادىن بىر قورساق ئېسىكى يامان

— ماۋۇ نانلارنى قويغا بېرەمسىز ياكى بىر تەرەپ قىلىۋېتەمسىز؟ — دېدى خوتۇنۇم ئىشكاپتىن ئالغان پارچە-پۇرات نانلارنى كۆرسىتىپ.

— قويغا بېرەي، بىر يەردە قويۇپ تۇر، ئەتىگەنچە بېرەمەن، — دېدىمەن كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

ئۇ پارچە-پۇرات نانلارنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇپ ماڭا دەپ قويدى. مەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ھويلىغا چىقىپ قويلارغا ھېلىقى نانلاردىن ئازراق بەرمەكچى بولدۇم، لېكىن نان ھېچ يەردە

يوق ئىدى. مەن دەرھال تاشقىرىدا تۇرغان ئوغلۇمدىن سورىدىم.

— قويغا نان بەردىڭمۇ بالام.

— بەردىم، ھەممىسىنى بېرىپ بولدۇم.

— ئاپلا، ماۋۇ بالىنى، قانداق قىلغىنىڭ بۇ سېنىڭ؟

لېكىن، ئورنىغا كەلمەيتتى، مەن ئەزەلدىن تاشقىرىدا مۈشۈكىڭغا ئوخشاش يەملەرنى قويۇشنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتىم. چۈنكى، بىرى، ئوغلۇم ئۆزى خالىغانچە بېرىپ، قويلاردىن چاتاق چىقىراتتى، يەنە بىرى، ئالىمادىكى قويلار ئېغىلدىن بىز يوق چاغدا چىقىپ كېتىپ قالسا، يەمنى كۆپ يەۋېتىپ، قورسىقى ئېشىلىپ قېلىشتەك ئەھۋال كۆرۈلەتتى. بايىقى نانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مەن قويلارنىڭ قورسىقى ئېشىلىپ قالىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم ۋە كېچىچە خاتىرجەم بولالمىدىم. ئەتىسى سەھەردە قويلاردا راستتىنلا غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلدى. يەم يېگۈسى يوق، خاراموش، كۆشەك يوق، ئىنجىق ئېغىر. قويلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك قورسىقى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئېشىلىپ قالغان ئىدى. مەن كونىلارنىڭ قائىدىسى بويىچە قويلارغا ياغاچ كۆشەك سالدىم. قويلار ياغاچنى چايناپ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئېقىپ كۆشەشكە باشلىدى.

كەچ كىردى، لېكىن قويلاردا قورساق بوشاش ئەھۋالى يەنىلا كۆرۈلمىدى. ياندۇرقى كۈنى سەھەردە بىر قوي سەل ياخشىلىنىپ قاپتۇ، مەن دەرھال ئۇنىڭغا بىرنەچچە باش سامساق بىلەن پىيازنى يېگۈزدۈم. بۇنىڭ

بىلەن قوينىڭ ھەزىم قىلىشى ياخشىلاندى بولغاي، يەمگە كىرىشىپ كەتتى، ئېغىرراقلىرىدا شەپە يوق ئىدى. لېكىن كۆشەش جەريانىدا قورسىقى سەل بوشىغان ئىدى. مەن دەرھال بىرئاز ئاچچىقسۇ تەييارلاپ بىر قويغا، بىر ئاز سودانى سۇغا چىلاپ ئىككى قويغا ئىچۈردۈم، بۇلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. 3 ـ كۈنى قويلار ئومۇمىيۈزلۈك يەمگە كىرىشتى. لېكىن ئېتىدىن چۈشۈپ كەتتى...

— خەپ، — دېدى خوتۇنۇم مېنىڭ قورسىقى ئېسىلگەن قويلار ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرىدىن، ئۇرۇنۇشلىرىمدىن خىجىل بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن نان دېگەننى قويغا بېرىڭ دەپ ئەيپچىقىپ قويامىدىغان، نان دېگەننى «يېدى» دەپ قويغا بېرىدىغان ئىش ئەمەسكەن.

— بەرسە بولىدۇ، لېكىن مۇۋاپىق بەرسە بولىدۇ، — دېدىم مەن، — نان قۇرۇق بېرىلگەندە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. قانداق دېگەندە، ناندا ئاز بولمىغان ئىسسىقلىق بولىدۇ. لېكىن كۆپ بەرسە، نان قېرىنىغا كىرگەندىن كېيىن سۇيۇقلۇق بىلەن ئۇچرىشىپ ئېسىلىۋالىدۇ ـ دە، قويلارنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ قويىدۇ، شۇڭا مۇقىم، ئاز ـ ئازدىن بېرىش كېرەك. كۆپ بېرىشكە ياكى بىر قېتىملىق يەم ئورنىدا بېرىشكە توغرا كەلگەندە، ئالدى بىلەن سۇغا چىلاپ قويۇپ بەرسە، قوينىڭ قورسىقى ئېسىلىپ قالمايدۇ. لېكىن ناننىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ئەسلىدىكىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، مۇشۇ تاپتا قويلارنى كالتەك بىلەن مىگنى ئۇرسا، ھازىرقى قورساق ئېسىكىدەك زەربە بولمايدۇ، بۇ بەك يامان بولدى.

— گاھىدا قوناقنى كۆپ يېسىمۇ قوينىڭ قورسىقى ئېشىلىپ قالىدىغان ئىش بولىدىكەن. بۇنداق بولۇشىمۇ قوناقنىڭ ناندەك ئېشىلگەنلىكىدىن بولامدۇ؟

— قۇرۇق قوناقنى قويلارغا بەرگەندە، قالايمىقان بەرمەيمىز، بەلكى ئۆلچەم بويىچە تەدرىجىي كۆپەيتىپ بېرىمىز. بىراقلا كۆپ بەرسەك قويلار كۆتۈرەلمەي قالىدۇ، قوناق قېرىنغا كىرگەندىن كېيىن سۇيۇقلۇقلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئېشىلىپ پارچىلىنىپ، قويلارنىڭ قورسىقىنى ئېشىدۇ، ھەزىم قىلىشىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ، قوناقنى سۇغا چىلاپ بەرسە، كۆپ يېسىمۇ ئېغىر كەلمەيدۇ، ئەمما ئۈنۈمىدىكى ماددىلار پارچىلىنىپ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا قوناقنى قۇرۇق بەرگەن ياخشى. قىش كۈنلىرى تېخىمۇ شۇنداق.

## زەھەرسىزلەندۈرۈشكە سەل قارىماڭ

— لېكىن، ئاسان خۇش بولۇپ كەتسەڭمۇ بولمايدۇ، — دېدى دادام چىگىت پوستى توغرىسىدىكى پاراڭ ئاخىرىدا، چىگىت پوستىدا بېقىلغان قويلارنى ئۈچ ئايلا باقساڭ بولىدۇ، 3 ئايدىن ئارتۇق باقىمەن دېسەڭ، قويلار ئۆلۈشكە باشلايدۇ، داۋالاپ ئۈلگۈرەلمەيسەن، پىچاقمۇ ئۆتمەس بولمىسا، قوي ھارام بولىدۇ. بىز دەسلەپتە ئۇقماي، كۆرگۈلۈكنى كۆرگىلىمۇ تاس قالدۇق. چىگىت پوستىدا زەھەر بولىدىكەن، ئۇنى كۆپ يېگەن قوينىڭ ئۈچەيى زەھەرنىڭ يامانلىقىدىن سېسىپ كېتىدىكەن.

— مەن قورقۇپ كەتمەيمەن.

— قانداق دەيسەن؟

— ئامال تاپتىم.

— قانداق ئامال تاپتىڭ؟

— چىگىت پوستىنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ بەردىم. بۇنداق قىلسا، قوي ھەرقانچە يېسىمۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ، دەسلەپتە مەنمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان. چىگىت پوستىنى بىر مەزگىل سۇغا چىلاپلا بېرىپتىمەن، ئارىدىن بىر قوينىڭ كۆزىنىڭ چۆرىسى، كۆز ئېقى ئۆزىچە قىزىرىپ قالدى. كېيىن ھەممە قويلاردا مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلدى. مەن كۆزى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. مالدوختۇرلۇق پونكىتىغا باردىم ۋە ئۇ يەردىكى دوختۇرلاردىن مەسلىھەت سورىدىم، ئۇلار مېنى قورقماسلىققا رىغبەتلەندۈردى. مەن بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ دەپ تېپىرلاپ قالدىم. نۇرغۇن ماتېرىيال كۆردۈم. ماتېرىيالدا چىگىت پوستى ۋە چىگىت كۈنجۈرىسىنىڭ تەركىبىدە زەھەرلىك ماددىلارنىڭ بارلىقى سۆزلىنىپتۇ. مەن قويلىرىمنىڭ كۆزلىرىدىكى قىزىللىقنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن چىگىت پوستى بىلەن چىگىت كۈنجۈرىسىنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ بېرىدىغان بولدۇم، قويلارنىڭ كۆزىدىكى ھېلىقى قىزىللىقمۇ تۈگىدى.

— قانداق زەھەرسىزلەندۈرۈپ بېرىسەن؟ بۇمۇ بەلەن گەپ ئىكەن، تەپسىلىي دەپ بەر، مەنمۇ بىلىۋالاي، — دېدى دادام ئۈمىد بىلەن.

— بۇ بەك ئاددىي، — دېدىم مەن دادامغا تەپسىلىي-

بەك سۆزلەپ بېرىشكە تېرىشىپ، چىگىت كۈنجۈرىسى بىلەن چىگىت پوستىنى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن زەھەرلىسىزلەندۈرگىلى بولىدۇ، مەن ئاددىي، ئاسان ئۇسۇل ئارقىلىق زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كېلىۋاتىمەن: ئون كىلوگرام سۇغا 50 گرام خام ھاك سالىمەن، ئادەتتە، قىشتا سۇ يىلىمانراق بولسا، ھاك ئوزاققا قالماي ئېرىيدۇ. سۇ بەك سوغۇق ياكى ئىسسىق بولسا ئاسانلىقچە ئېرىمەيدۇ ياكى ئۇزاقراق ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئېرىگەن ھاكنى بەك قوچىساق، چېلەكتىكى سۇدا ھاك دانىچىلىرى پەيدا بولىدۇ ياكى سۇ دۇغلىشىدۇ. مانا بۇ 5 پىرسەنتلىك ھاك سۈيى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ھاكنى ئازراق سۇدا ئېرىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆلچەملىك سۇغا تۆكسەمۇ بولىدۇ. ئاندىن بۇسۇنى، 5 پىرسەنتلىك ھاك سۈيىنى داس ياكى باشقا قاچىغا تۆكۈپ، ئۈستىدىن چىگىت پوستىنى سېلىپ دۆملەپ قويىمەن ياكى چىگىت پوستىنى ئالدىن قاچىلىۋېلىپ، ھاك سۈيىنى ئۈستىدىن تۆكىمەن. بۇ چاغدا، سۇ بىلەن چىگىت مىقدارىنى مۆۋاپىق قىلىمەن. دىققەت قىلىدىغان بىر ئىش ھاك سۈيى كۆپ بولۇپ كەتسە بولىدۇكى، چىگىت پوستى زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ھاك سۈيى چىگىت پوستىنى نەمدىگۈدەك بولمىسا، زەھەرسىزلىنىش چالا بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتە، چىگىت پوستى بىر سائەتتىن تۆت سائەتكىچە ئارىلىقتا زەھەرسىزلىنىپ بولىدۇ. ھاك سۈيى ئىسسىق سۇدا تەييارلانسا، چىگىت پوستى تېخىمۇ ياخشى زەھەرسىزلىنىدۇ. بۇنى سۆزۈپ قويغىلى بېرىۋەرسە بولىدۇ. لېكىن بىر

چىلىغانچە سۆزۈۋەتمەي قويۇۋەرسە چىگىت پوستى سىيىپ قالىدۇ ياكى چىرىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سۆزۈپ ئېلىۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر، بىرلا قېتىمدا كۆپرەك زەھەرسىزلەندۈرۈۋېلىشقا توغرا كەلسە، سۇ بىلەن ھاكىنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىپ زەھەرسىزلەندۈرۈپ، سۆزۈپ ئېلىپ، مۇۋاپىق يەرگە قويۇپ، ئۇدۇللۇق ئېلىپ قويلارغا بەرسە بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، سۈيىنى بەك ساقلىۋەتمىسە، ئاستىغا بېسىلىپ قالغانلىرىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن چىگىت پوستىنى قۇرۇتۇپ بېسىۋېلىپ، ئۇدۇللۇق نەمدەپ بەرسىمۇ بولىدۇ، بۇ تېخىمۇ قولاي.

— ھەر قېتىم زەھەرسىزلەندۈرىدىغان چاغدا سۇنى، ھاكىنى جىڭلاپ ئۆلچەمسەن ياكى كۆز چېنىدە سالامسەن؟ — دېدى دادام.

— ئۇنداق قىلىش كەتمەيدۇ، — دېدىمەن تەجرىبەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — مەندە ئون كىلوگرام سۇ پاتىدىغان بىر چېلەك بار. مەن بۇنى دەسلەپتە بىر قېتىم سىناپ تۇرۇپ بىلىۋالغان، ئۇنىڭغا سالىدىغان ھاكىنىمۇ بىر قېتىم جىڭلاپ، قولۇم، كۆزۈمنى چەن قىلىۋېلىپ، ھەر قېتىم ھاك سۈيى تەييارلىغاندا شۇ ئۆلچەم بويىچە سالىمەن، خاتا چىقمايدۇ.

## قوي نېمىشقا قەغەز يەيدۇ؟

مەن كەچتە قويلارغا ئاز-تولا قەغەز بەردىم. يېزى-

دىن كەلگەن تاغام بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— بالام، قويلىرىڭغا قەغەز بېرىدىكەنسەن، قويمۇ قەغەز يەيدىكەن، — ھە؟ — دېدى ئۇ ماڭا.

— يېمەمدۇ ئەمىسە؟ — دېدىمەن.

— خەقتىن قوي قەغەز يەيدۇ، دەپ ئاڭلىغان، كۆرمىگەچكە ئىشەنمىگەن. بۇگۈن كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئوت-خەس بولمىسا يەيدىكەن-دە.

— ياق ئوت-خەس تېپىلىدۇ. ئوت-خەس يالغۇز يېزىدىلا ئەمەس، شەھەردىمۇ كۆپ، لېكىن قەغەز بېرىشىمىز، ئوت-خەس يوقلۇقىدىن ئەمەس. قەغەزنى قوي ئوت-خەسنى يېگەندەك تەبىئىي ھالدا يەيدۇ، شۇڭا بېرىمىز.

— قەغەزنى يېگەندە كانىيىغا ياكى ئۈچەيىگە چاپلىشىپ قالىدىغان ئىش بولمامدىكەن؟

— ياق.

— ئۇنى يېگەندىن كېيىن، قويلارنىڭ قورسىقى ئېشىلىپ قالمامدىكەن؟

— نېمىشقا ئۇنداق بولسۇن.

— قەغەزنى يېگەندىن كېيىن، ئوخشاش مايا قىلامدىكەن ياكى كاللەك-كاللەك مايا قىلامدىكەن؟

— باشقا يەم-خەشەك يېگەندە قانداق مايا قىلىغان بولسا، يەنىلا ئوخشاش مايا قىلايدۇ.

ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ-ھە، ماڭا قارا بالام، بىر نېمە سېپىپ بەرمەيدىغانسەن؟

— ياق، ھېچنەرسە سېپىپ بەرمەيمەن.

— مەن دەيمەن، بايام قارىسام، قويلىرىڭ قەغەز دېگەننى بىر نەرسە سەپكەندەك، پاراسلىتىپ يەۋاتىدۇ، قاراپ تۇرۇپ كەتتىم، قوي قەغەزنى يېسە پايدىسى بولامدۇ ياكى قورساق تويغۇزۇشقىلا بولامدۇ؟

— قورساققا يېگەن نەرسىنىڭ پايدىسى بولمايدى-غىنى نەدە بار، قەغەز يېگەن قوي ئاسان سەمرىيدۇ.

— ھە، دېگىنە، بالام، قەغەز يېگەن قوي سەمرىيدۇ. قەغەزنى قومۇشتا ئېتىدۇ دەيدىغان، ھازىر زەل-زىرا-ئەتىنىڭ شاخ-شۇمبىسىدىمۇ ئېتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— بۇنىڭدا مۇنداق بىر ئىش بار، قوينىڭ قەغەزنى بىمالال يېيىشىدە، قەغەزنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى يەنىلا ئۆسۈملۈكلەردۇر. قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ماتې-رىيالى پىششىقلىنىپ ئىشلىنىپ بوتقا (ئۇماچ) ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل قەغەز بوتقىسى خېمىيىۋى ئۇسۇلدا تۈجۈپىلەپ پىشۇرۇلغان بولغاچقا، تالالىق ماددىلىرى بىر قەدەر ساپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ مەلۇم مىقداردا ئوزۇقلۇق قىممىتى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى قويلار يەيدۇ. يېگەندىن كېيىن، ئوڭاي ھەزىم بولىدۇ، قويلار ئۇنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ، بۇنىڭ بىر كەمچىلىكى نەدە دېسە، بۇ خىل قەغەز بىلەن داۋاملىق بېقىلغان قويلارنىڭ گۆشى پوپۇس، جىڭغا ئولتۇرمايدىغان چىقىدۇ. مەن قەغەزنى ئاساسەن، قويلارغا بېرىشتە قوشۇمچە ئوزۇقلۇق ئورنىدا بېرىمەن.

— قوي قەغەزنى شۇڭا يەيدىكەن — دە.

## پايدا توغرىسىدا پاراڭ

— قوي بېقىپمۇ پايدا ئالغىلى بولامدىكەن؟

— بولمامتىكى، پايدا بولمىسا باقامدۇق؟! — بەك كۆپمۇ ئەمەس، ھەر ھالدا پايدىسى بار، — دېدىمەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن.

كىشىلەر مەندىن پات-پات ئاشۇنداق سوراپ قالاتتى، مەن ئۇلارنى ھەر ھالدا قانائەتلەندۈرەتتىم. بۈگۈن ئۇلار مەندىن كوچىلاپ سوراپ قالدى.

— بىر قوينى تەخمىنەن 60 — 70 كۈن باقسىڭىز، قانچىلىك پايدا ئالغىلى بولىدىكەن، دەپ بېقىڭا؟

— ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى قويلاردىن كۈنىگە بىر يۈەندىن، بەزى قويلاردىن ئاز دېگەندە كۈنىگە 60—80 پوڭ ساپ پايدا ئالغىلى بولىدۇ. لېكىن، يالغۇز قوي باقسا پايدىسى ئاز بولىدۇ. بەزىدە تېخى زىيان تارتىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ. شۇڭا بىرنەچچىنى باقسا، قىلغان ئىش-ھەرىكەت ئاشۇ بىر قويغا قىلغان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ھەر بىر قويدىن ئاز-ئازدىن پايدا چىقسىمۇ، توپلاپ كەلسە يەنە بىرمۇنچە بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

— شۇنداق بولغاندا، بىر يىلدا قانچىلىك پايدا ئالغىلى بولىدىكەن، سىز بىر يىلدا قانچىلىك پايدا ئالغانسىز؟

— مەن ئالتە ئايلىق كىرىم-چىقىم ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئالتە ئايدا مەن ئىلگىرى-ئاخىر

بولۇپ 11 تۇياق قوي بېقىپتىمەن، ئۇمۇمىي كىرىم خېلى بىر يەرگە بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن يەم-خەشەك چىقىمى، قوي سېتىۋېلىشقا كەتكەن چىقىم ۋە دورا قاتارلىق ئۇششاق-چۈششەكلەرنىڭ چىقىمىنى چىقىرىۋېتىپ، ساپ ئالغان پايدام 540 يۈەندىن ئېشىپتۇ. بۇ پەقەت مېنىڭ ئىش ھەققىم ئۈچۈنلا قالغان پۇل.

— ۋاي، بۇمۇ ئاز پۇل ئەمەس، مەسىلەن، ئالتە ئايدا 540 يۈەن پايدا ئالغىلى بولسا، بىر يىلدا 1080 يۈەن پايدا ئالغىلى بولىدۇ، دېگەن گەپ.

— گۆش-ياغ دېگەننى كەڭ تاشا يېدۇق.

— قوينىڭ مەينەتچىلىكى كۆپ، شۇنداقمۇ؟

— پەم ئىشلەتسە، قوينىمۇ پاكىز باققىلى بولىدۇ، ئۆزۈمنى ئالسام مۇشۇ قوي بىلەن ھەپىلەشكەندىن كېيىن، سالامەتلىكىم ياخشىلىنىپ قالدى. ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ھەرىكەتنى ئاز قىلغاچقا، بەك ئېزىلەڭگۈ بولۇپ قالىدىغان گەپ ئىكەن. مەن ئىشخانىدا چارچىسام، ئۆيگە كىرىپ قوي بىلەن بولىمەن، زېھنىم مەركەزلىشىدۇ، ھەرىكەت قىلىپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ، بەدەنلىرىم يەڭگىللەپ قالىدۇ.

— راست ھەرىكەت بار يەردە بەرىكەت بولىدۇ، — دېيىشتى سۆھبەتداشلىرىم، — ھايات ھەرىكەتتە دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلغان ئەمەس.

# ئىشلەپچىقىرىش مەسلىھەتچىسى (13)

نەشرىياتىمىز تۈزگەن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلاجان تۇرغۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 5
1991 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1991 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 1170

ISBN 7 — 5373 — 0291 — X/S·42
باھاسى: 0.90 يۈەن

丛书的这一辑讲述科学种田，植树造林，园艺，林业，畜牧业，城镇居民养羊等方面的科学知识和有关施肥，使用农药以及农业机械的使用与保养常识。

生产顾问
(13)
本 社 编
责任编辑：阿布拉江·吐尔洪
责任校对：阿依夏木·阿不都吾力

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 5印张
1991年10月第1版 1991年12月第1次印刷
印数：1—1170

ISBN 7—5373—0291—X/S·42 (民文)
定价：0.90元

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى

1) بۇ كىتابقا ئابلەت جۇمەنىڭ بىر
پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن .

2) ئەسەر جەمئىي 19 مىڭ خەت
بولۇپ، ھەر مىڭ خەتكە 18 يۈەندىن
جەمئىي 342 يۈەن قەلەم ھەققى
ئابلەت جۇمەگە مەنسۇپ .

ISBN 7—5373—0291—X/S·42 (民文)

باھاسى: 0.90 يۈەن